**ھەربىر مۇسۇلمان ئائىلىدە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك كىتاب**

## ئائىلە دەستۇرى

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە فىقھىسى

توغرا يولدىكى ئىسلامىي ئائىلە بىنا قىلىشنىڭ
تەلىم-تەربىيە بەلگىلىرى


ئابدۇل لەتىيف ئەلبەرىيجاۋىي

(يېزا ئىگىلىك پەنلىرى ئىنژېنېرى)

**المهندس . عبد اللطيف البريجاوي**

# فقهُ الأُسـرةِ المسـْلِمة

## معالم تربوية لأسرة راشدة

المهندس . عبد اللطيف البريجاوي

تقـديم

الشيخ ممدوح جنيد الكعكة

الدكتور عبد المعطي الدالاتى

بسم الله الرحمن الرحيم

( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَّا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ )

«ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ»-سۈرە تەھرىم 6-ئايەت

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئىززىتىم بىلەن ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەمكى، مەن بەندەم ئۈچۈن دۇنيا-ئاخىرەتتە ھەر ئىككى جايدا ئەمىنلىك بولۇشنى يەنى ئىككى ئەمىنلىكنى ھەم ئىككى قورقۇنچنى بىرلەشتۈرمەيمەن. ئەگەر بەندە بۇ دۇنيادا مەندىن ئەمىن ھالدا خاتىرجەم يۈرسە، مەن ئۇنى بارلىق بەندىلىرىمنى توپلاپ يىغىدىغان قىيامەت كۈنى قورقۇتىمەن. ئەگەر بەندە، بۇ دۇنيادا مەندىن قورقۇپ، تەۋبە قىلىپ، ياخشى ئىبادەت قىلسا، مەن ئۇنى بارلىق بەندىلىرىمنى يىغىدىغان قىيامەت كۈنى ئەمىن، خاتىرجەم قىلىمەن.

-(ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، ھەسەن.)

## مۇندەرىجە

ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ...................11
شەيخ مەمدۇھ جەنىدنىڭ بۇ كىتابقا يازغان مۇقەددىمىسى..............................................13
دوكتور ئابدۇل مۇئتىنىڭ بۇ كىتابقا يازغان مۇقەددىمىسى..............................................18
كىرىش سۆز..................................................21
بۇ كىتابنى يېزىشنىڭ سەۋەبى... .....................24
تەشەككۇر ۋە تونۇشتۇرۇش..............................26
توي قىلىشتىن بۇرۇنقى ئىشلار ۋە ئائىلىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى ...................................29
توي تەكلىپى قويۇش:.............................................29
ئىسلامىي ئائىلە قۇرۇشنىڭ قائىدە-پىرىنسىپلىرى 34.........................................................
ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرتلەر 43.........................................................
ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرى...49
ئائىلىنىڭ بوران چاپقۇنلىرىدىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك ؟!.................................................52

ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرى...52

ئايالنى ئىسلاھ قىلىش...................................57

ئايالنى قانداق ئىسلاھ قىلىمىز؟.......................60

بىرىنچى باسقۇچ : قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ۋە ئائىلە ئالاقىسىنى كۈچەيتىدىغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى توغرا چۈشىنىش . ........................................................60

ئىككىنچى باسقۇچ.........................................67

ئايالنىڭ ئىلمى ۋە تەلىم-تەربىيە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش..................67

ئۈچىنچى باسقۇچ..........................................69

ئايالغا اللە قۇرئاندا بايان قىلغان مېھرى -مۇھەببەت ۋە ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلدۇرىدىغان ياخشى مۇئامىلىلەرنى قىلىش...........................69

تۆتىنچى باسقۇچ..........................................70

ئايالغا ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ۋە بولۇپمۇ ئەرنىڭ تۇغقانلىرى ئالدىدا ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش...............................................70

ئەرنى ئىسلاھ قىلىش ...................................73

ئەرنى زادى قانداق ئىسلاھ قىلىش كېرەك ؟!.......78

ئايالنىڭ ئەرنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەندە كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتلەر..86
ئائىلىدە ئىپپەتلىك، شەرمى-ھايا مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش.........................................87
ئىسلامنىڭ ئائىلەر مۇھىتى ھەققىدە بېكىتكەن قائىدە- پىرىنسىپلىرى.................................91
ئائىلىمىزدە شەھۋانىيلىققا قىزىقتۇرىدىغان ئامىللارنى ئىمكانقەدەر ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشىمىزنىڭ پايدىلىرى..........................97
ئائىلىدە....................................................98
ئائىلە ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىش مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش.........................98
ئائىلە كىشىشى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان نەتىجىلەر....................................105
ئائىلىدە مېھرى-شەپقەتلىك، مۇلايىم بولۇش مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش......................107
ئائىلىدە مۇلايىم بولۇشنىڭ پايدىلىرى............114
ئائىلىدە ئوچۇق - يورۇق بولۇش مەدەنىيىتىنى تارقىتىش .................................................116
ئائىلىدە ئوچۇق - يورۇق بولۇشنىڭ پايدىلىرى...123

بەس مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلىش ئائىلە ئىتتىپاقلىقىنىڭ كاپالىتى. .....124

بەس مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرى....128

ئائىلىدە بالىلار ئارىسىدىكى جېدەل -ماجىرا ۋە بىر بىرىدىن نەپرەتلىنىشنىڭ سەۋەپلىرى.............132

بالىلارغا بۇ بەس-مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلارنى ئۆگۈتۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئەڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر .............134

بىئارام قىلىدىغان، قاباھەتلىك ئۆتمۈشنى ئەسلەتمەسلىك ..........................................136

باشقىلارنىڭ ئابرۇيىنى چۇشۇرۇش، ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرىغا ئېسىلىۋېلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا كۆز يۇمۇشنىڭ كەلتۈرىدىغان ئاقىۋەتلىرى .........................................................142

ئالاھىدە ئىسلامىي ئائىلە قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ............................144

ئائىلىنى ئىسلامىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىدىغان ئەمەلىي پىلانلار ..........................153

ئائىلىدە........................................................160

شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارغا كەسكىن رەددىيە بېرىش .........................................................160

ئائىلىدە..............................................167

شەخسىلەردىكى تالانت-ئىقتىدارلارغا، شەخسىي پەرقلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك ....................167

ئائىلىدە..............................................176

ھەرخىل شەكىلى جەھەتتىكى يېتىملار ۋە تۇل ئايالىلارنى ئازايتىش......................................176

ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەرخىل شەكىلدىكى يېتىملار ۋە تۇل ئاياللارنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبلىرى..180

ئائىلىدىكى يۈزبەرگەن خاتالىقلارغا ئۆز يولىدا مۇئامىلە قىلىش ........................................187

ئائىلىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئىسلامىي پىرىنسىپ بويىچە ھەل قىلىشنىڭ بىر قىسىم لايىھە -پىلانلىرى .........................................190

ئائىلىدەيۈز بەرگەن خاتالىقلارنى ھەل قىلىشتا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تايانماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەر.......................204

ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى..........................................205

ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىدا قوللىنىدىغان ئۇسۇللار ...............................207

ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان نىشانلار............210

ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىدىكى قەدەم باسقۇچلار......................214

بىرىنچى باسقۇچ:ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى.........................................214

ئىككىنچى باسقۇچ.........................................220

ئايال كىشىنىڭ ئەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى.........................................220

ئايال كىشىنىڭ ئەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ھەققىدىكى قائىدە-پرىنسىپلار ..............................................................220

ئۈچىنچى باسقۇچ.........................................227

ئائىلىدىكى سىرتقى ئالاقىلەر ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىدىغان قائىدە-پرىنسىپلار ................227

تۆتىنچى باسقۇچ.........................................229

بالىلارنىڭ ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرى .....229

بالىلارنىڭ ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ھەققىدىكى قائىدە-پرىنسىپلار...................229

بەخت-سائادەت يولىدا ئائىلىنىڭ ئۆز-ئارا چۈشىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش............238

ئائىلىدىكى ئۆ-ئارا چۈشىنىش مەسىلىلىرىنى ھەق قىلىش يولىدا زۆرۈر بولغان ئەمەلى ئەڭ مۇھىم قەدەم باسقۇچلار.....................................................246

مۇسۇلمان قىزلارغا ۋەسىيەت .........................253

ئى قىزلىرىم!! ..............................................253

دەرد-ئەلەملەر ۋە ئازاب – ئوقۇبەتلەر.................260

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

- ئىنژېنېر ئابدۇل لەتىيف ئەلبەرىيجاۋىينىڭ تولۇق ئىسمى ئابدۇل لەتىيف مۇھەممەد سەئىدۇللاھ ئەلبەرىيجاۋىي بولۇپ، ئۇ 1971-يىلى سۇرىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، مۇھىم مەدەنىيەت شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان ھۇمسى شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1992-يىلىدىن باشلاپ، ھۇمسى مەسچىتىدە مۇدەررىس ۋە خاتىپ بولۇپ دەۋەت ئېلىپ بارغان.
- 1995يىلى ھەلەپ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن يېزا ئىگىلىك پەنلىرى بويىچە ئىنژېنېرلىق گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن.
- 1998-2000-يىللىرى ياخشىلىق ۋە ئىجتىمائىي خەيرى-ساخاۋەت جەمئىيىتى دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىرىغا ياردەمچى بولۇپ، خىزمەت قىلغان.
- 2001-يىللىرى يېزا ئىگىلىك ئىنژېنېرى نامىدا دۆلەت ئورگانلىرىدا ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلىگەن.
- 2002-يىلىدىن باشلاپ ھۇمسى شەھىرىدىكى شەرىئەت مەھكىمىسىدە شەرئى ھاكىم بولۇپ، خىزمەت قىلغان.

- 2005-يىلى قاھىرەدىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى تەرپىدىن ئىسلام شەرئىتى بويىچە ئوقۇش پۇتتۇرۇش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن.
- ئۇ ئۆيلەنگەن بولۇپ، ھىدايە ۋە تەسنىيم دىن ئىبارەت ئىككى قىزى بار.
- ئۇنىڭ ئەسەرلىرى:
- مۇسۇلماننىڭ ئەقلى توغرىسىدىكى مۇھىم پىرىنسىپلار
- تارىخنى قانداق ئوقۇيمىز
- ھايات ھەققىدىكى ماقالىلەر
- تارىخى قىسسىلەر ھەققىدىكى ھەدىسلەر ھەققىدە چۈشەنچىلەر
- مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە فىقھىسى
- توغرا يولدىكى ئىسلامىي ئائىلە بىنا قىلىشنىڭ تەلىم-تەربىيە بەلگىلىرى
- ... بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە نۇرغۇنلىغان تەتقىقات ماقالىلىرى بار.

## شەيخ مەمدۇھ جەنىدىنىڭ بۇ كىتابقا يازغان مۇقەددىمىسى.

بسم الله الرحمن الرحيم

جىمى ھەمدۇ-سانا اللەغا خاستۇركى، الله مۇنداق دېگەن :

**﴿ومنْ آياتِهِ أنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنْفُسِكُم أزواجاً لِتَسْكُنوا إليها وجعَلَ بَيْنَكُمْ مَودةً وَرَحمةً إنَّ فيْ ذَلِكَ لآياتٍ لقومٍ يَتَفَكَرون﴾** [1].

« ئايالالار بىلەن ئۇنسى- ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر- خوتۇن ئارىسىدا) مېھر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار »

---

([1]) . الروم / 21.

ئەڭ ياخشى سالاملار پۈتكۈل ئالەملەر ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن، بىزنى ياخشىلىققا يېتەكلىگەن ۋە ئەھلى ئاياللىرىمىزغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن.

أن النبي عليه السلام قال: ""**خيرُكم خيرُكم لأهله وأنا خيرُكم لأهلي**" [2]. «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئۆزىنىڭ ئەھلى- ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىنىدۇر، مەن ئەھلىمگە سىلەرنىڭ ھەممىڭلاردىن ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغىنىمەن.» (تىرمىزى نەقلى قىلغان.)

قاچانكى بىز ئائىلىگە اللە بۇيرۇغاندەك كۆڭۈل بۆلسەك، قاچانكى، ئائىلە قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىسلامى تامىنى شەكىللەندۈرىدىغان كۈچلۈك بىر خىش بولغاندا، ئائىلە چوڭ بىر قورغانغا ئايلىنىدۇ. بۇ تام ئۆزىنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىنى ئائىلىنىڭ كۈچىدىن قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا، بىز ئائىلىنى دەسلەپكى شەكىللىنىش باسقۇچىدا، ئائىلە شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇنى قوغداشقا ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىشقا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. ئائىلىنى توغرا شەكىلدە يۈكسەلدۈرۈش

(2) . الترمذي وأبو داود.

ئۈچۈن لازىم بولغان شەرتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك .

مانا، مەن سۆيۈملۈك قېرىندىشىم، ئۇستاز ئابدۇل لەتىيف ئەلبەرىيىجاۋي « مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە فىقھىسى » نامىدا يازغان بۇ كاتتا ئەسەرنى كۆرۈپ چىقتىم. بۇ كىتاب مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامى ئائىلە قۇرۇشتىكى تەلىم-تەربىيە بەلگىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ كىتابتا ، ئائىلە بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى، ئائىلە شەكىللەنگەن ۋاقىتلاردىكى ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلۈش پىرىنسىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىشتا زۆرۈر بولغان شەرتلەر تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، قېرىندىشىم بۇ كىتابتا ئەر-ئاياللىنى ئىسلاھ قىلىش يوللىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان. ئۇ يەنە بۇ كىتابتا قەلبلىرىمىز ۋە ئەقىللىرىمىزنىڭ ئۆز غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بېرىلىشى ئۈچۈن، ئائىلىدىكى شەھۋەت مىراسلىرىنى ئازايتىشقا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. ئۇ يەنە ئائىلىدىكى ئىشلارنى ئۆز-ئارا مەسلىھەت بىلەن قىلىش مەسىلىلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى، بۈگۈنكى كۈنلەردە ئائىلىدە ئىشلارنى ئۆز-ئارا مەسلىھەت بىلەن قىلىش ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ يەنە بۇ كىتابتا ھەممە كىشىدىن مۇلايىم بولۇشنى، ھەرقانداق ۋاقىتتا قوپاللىقنى تاشلاشنى، ئائىلىدە ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ يەنە بۇ كىتابتا

ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرىنى يۈزىگە سالماسلىق ... قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە بۇ كىتابتا ئاتا-ئانىلاردىن شەخسى پەرقلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋە ھەربىر- شەخسكە ئۆز ھەققىنى بېرىشنى ... تەلەپ قىلغان. ئۇ يېتىمنى ئىككى تۈرگە بۆلگەن بولۇپ، ئۇلار؟

1-دادىنىڭ ماددىي ۋە ھېسسىي جەھەتتىن يوق بولۇشى.(يەنى، دادىسىدىن ئايرىلغان ھەقىقىي يېتىملار)

2-دادىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يوق بولۇشى

ئېھتىمال ، دادىسى بولۇشى مۇمكىن ، بىراق، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى دادىسىنىڭ تەربىيەسىدىن ياكى ئۇنىڭ يوليورۇق- كۆرسەتمىلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولىدۇ. ئۇ بۇ كىتابتا بۇ ئىككى تۈرلۈك يېتىملارنى ۋە ئۇلارنى تەسىرىنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلغان... ئۇ يەنە بۇ كىتابتا خاتالىقلارنىڭ تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن ئائىلە ئەزالىرى خاتالاشقاندا ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىش يوللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان...

ئاخىردا مەن بۇ كىتابنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا نۇرغۇن كېسەل ئائىلىلەرگە شىپا بولىدىغان شىپالىق دورىلارنى ۋە ئائىلىنى كېسەلگە

گىرىپتار بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى ۋاكسىنىلارنى ھەمدە ئائىلىگە يامانلىق قىلماقچى بولغانلارنىڭ زەھەرلىك ئوقلىرىنى ئارقىغا چېكىندۈرىدىغان مۇداپىئە توسۇقلىرىنى ... كۆردۈم.

مەن اللەدىن نىيەتلىرىمىزنى، سۆز-ھەرىكەتلىرىمىزنى ئۆزى رازى بولىدىغان خالىس يولىدا قىلىشنى سورايمەن... والحمد لله رب العالمين

**ممدوح جنيد الكعكة**

# دوكتور ئابدۇل مۇئتىنىنىڭ بۇ كىتابقا يازغان مۇقەددىمىسى

بسم الله الرحمن الرحيم

تۇنجى ئائىلە جەننەتتە، نىئمەت سايىلىرى ئىچىدە بارلىققا كەلدى.

ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىز ئاسماندا بۇ تۇنجى ئائىلىدە بىرگە ياشاپ، بۇ تۇنجى ئائىلىدىكى نۇرغۇنلىغان نېئمەت ئەسلىمىلىرىنى ئېلىپ زېمىنغا چۈشتى.

بۇلار يەر شارىدا يېڭىدىن خۇش-تەبەسسۇم قىلىدىغان، يېڭى ئەۋلادلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان كىچىككىنە بىر باغچە قۇرۇش ئۈچۈن چۈشتى.

ئادەم ئاتىمىز ھاۋا ئانىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگىزىسى، ئەۋلادلىرىنىڭ دادىسى، ئاجىزلىقىنى تولۇقلايدىغان كۈچكە ئايلاندى.

لېكىن، تولىمۇ ئەپسۇس ..!! شەيتان بۇ ئىككىسىنى شۇنچە بىپايان كەڭرى جەننەتتىن رەزىل سۈيقەستلەر بىلەن چىقاردى.

ياخشى كۆرۈش ھەرقانداق يوچۇقلارنى ئېتىدۇ. مېھرى -مۇھەببەت ھەرقانداق خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلىدۇ.

بۇ مۇبارەك كىتابقا «مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە فىقھىسى» دېگەن بۇ تېما تېخىمۇ گۈزەل زىننەت قوشىدۇ. بۇ كىتابنى قېرىنداشىم ئىنژېنېر ئابدۇل لەتىيف ئەلبەرىيىجاۋي ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تىنچلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن يېزىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىگە مېھرى -مۇھەببەت، بەرىكەت، ئىمان ئۇستىگە قۇرۇلغان توغرا بىر ھىدايەت يولىنى ئېلىپ كەلدى.

ئۇ بۇ كىتابتا، ھايات ئىدىيەسى ، تەربىيە ئەخلاقى، ئىسلاھ قىلىش تەجرىبىلىرىنى قۇرئاندىن ھەدىستىن، تارىخ كىتابلىرىدىن ئېلىنغان شەرئى دەلىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدى.

بۇ كىتابتا ئائىلىنىڭ مۇبارەك دەستۇرى، تەلىم-تەربىيە پىرىنسىپلىرى، ئائىلىنى خاتىرجەم قىلىدىغان تۈگىمەس مېھرى -مۇھەببەت خەزىنىسى بار.

اللەدىن بۇ كىتاب ئارقىلىق بارلىق مۇسۇلمان ئائىلىلەرگە مەنپەئەت بېرىشىنى ، بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان قېرىندىشىم ئىنىژېنېر ئابدۇل لەتىيف ئەلبەرىيىجاۋىينىڭ بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرى، ئائىلىسى، ئەۋلادلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلىشىنى سورايمەن...

اللەدىن بۇ كىتاب ئارقىلىق بارلىق مۇسۇلمان ئائىلىلەرگە خاتىرجەملىك، رەھمەت، تىنچلىق ، مېھرى -مۇھەببەت ئاتا قىلىشىنى سورايمەن..

اللەدىن بۇ كىتاب ئارقىلىق بارلىق مۇسۇلمان ئائىلىلەردىن ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ رەزىل زەھەرلىرىنى ۋە سۈيقەستلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆزى رازى بولىدىغان ھەقىقىي ئىسلامىي ئائىلە قۇرۇپ چىقىشىغا ياردەم بېرىشىنى ۋە ئۆزى بىۋاسىتە يېتەكلىشىنى سورايمەن...

شەك-شۈبھىسىزكى، رەببىم سېخى زات بولۇپ، سورىغاننى بېرىدۇ... ئامىن....!!!!

وفي كل آخرٍ يطيب الحمد لله رب العالمين، والصلاة على خاتم المرسَلين

**– د. عبد المعطي الدالاتي** .

# كىرىش سۆز

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىندىشىم: اللەغا هەمدۇ-سانا بىلەن هەقىقىي يۈزلەنگىن..!!!

"اللَّهم لك الحمد أنت نورُ السموات والأرض ومن فيهنَّ، ولك الحمد أنت قيّم السموات والأرض ومن فيهنَّ، ولك الحمد أنت الحقُّ ووعدُك حقٌّ وقولك حقٌّ ولقاؤك حقٌّ والجنَّة حقٌّ والنار حقٌّ والساعة حقٌّ والنبيُّون حقٌّ ومحمَّد حقٌّ. اللَّهمّ لك أسلمتُ وعليك توكّلت وبك آمنت وإليك أَنَبْتُ وبك خاصمتُ وإليك حاكمتُ فاغفر لي ما قدَّمتُ وما أخَّرت وما أسْرَرْتُ وما أعلنْتُ أنتَ المقدِّمُ وأنت المؤخِّر لا إله إلاَّ أنت ولا إله غيرك" (3).

"اللَّهمّ انفعني بما علّمتني وعلّمني ما ينفعني وزدني علماً، الحمد لله على كلِّ حالٍ وأعوذ بالله من حال أهل النار" (4).

"اللَّهمّ ربّنا لك الحمد ملءَ السموات وملءَ الأرض وما بينهما وملءَ ما شئت من شيء بعد، أهلَ الثناءِ والمجدِ لا مانع

---

(3) . متّفق عليه عن ابن عباس.

(4) . الترمذي وابن ماجه عن أبي هريرة.

لما أعطيت ولا معطيَ لما منعت ولا ينفع ذا الجَد منك الجد " (5)

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشىم: تۆۋەندە ئائىلە هاياتى ھەققىدىكى ناھايىتى مۇھىم ۋە ئىنچىكە بولغان نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلار ھوزۇرىڭىزدا بولىدۇ. بۇ مەزمۇنلار ئائىلە ھاياتىغا ئىلمى تەرەپتىن قائىدە-پىرىنسىپلارنى بېكىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ مەزمۇنلار ھاياتىڭىزنى بەخت -سائادەت ۋە خۇشاللىققا تولدۇرىدۇ. ھەقكە ئەگىشىشكە ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا ئىلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىدە مېھرى - مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ. بۇ ئائىلىگە ھېكمەتلىك قۇرئاننىڭ نۇرلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدايىتى چۈشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئائىلە يېڭىدىن قوزغىلىپ ، ئىسلام ئىرادە قىلغاندەك بىر ئائىلە بولۇش ئۈچۈن ھەربىكەتكە ئۆتۈپ، يىقىلماس قورغانغا، پارچىلانماس قەلئەگە، ئىسلام ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۇرىدىغان ئىستىھكامغا ئايلىنىدۇ. بىز بۇ تەتقىقاتلىرىمىزنى بىردىن-بىر مۇكەممەل تەتقىقات دەپ داۋا قىلمايمىز، بەلكى، بىز بۇ تەتقىقاتلىرىمىزنى اللەنىڭ ياردىمى بىلەن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىپ، تۈزەيدىغان ئاشۇ خىشلاردىن بىر خىش بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز بۇ كىتابنى ئاسان ئەستە ساقلاش ۋە قوللىنىشقا قولاي بولۇشىنى

(5) . مسلم عن ابن عباس.

كۆزدە تۇتۇپ، كىشىلەرنى زىرىكتۇرۇپ قويمىغىدەك دەرىجىدە ئىخچام قىلىشقا تىرىشتۇق...

( وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ) **[ آل عمران : 104 ]**

(سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر) (سۈرە ئال ئىمران 104-ئايەت)

( إِنْ أُرِيدُ إِلَّا الْإِصْلاحَ مَا اسْتَطَعْتُ وَمَا تَوْفِيقِي إِلَّا بِاللَّهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ ) [ هود : 88 ] .

(مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنى خالايمەن، مەن پەقەت اللّٰه نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) اللّٰه قا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن)

## بۇ كىتابنى يېزىشنىڭ سەۋەبى...

بۇ مەن تەخمىنەن ئىككى يىل ئەتراپىدا ھۆمسى شەھىرىدىكى شەرىئەت مەھكىمىسىدە شەرئى ھۆكۈملەر خىزمىتىدە ئىشلىگەن ۋاقتىمدىكى خىزمىتىمنىڭ مەھسۇلىدۇر. چۈنكى، دائىم مەن بۇ ۋاقىتتا ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇشكۇلاتلارنى ھەل قىلىشنىڭ ئىسلامدىكى ئېنىق بەلگىلىرى ھەققىدە سوئاللارنى سورايتتىم. چۈنكى، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئەرزىمەس بىر قىسىم ئىشلار تالاق قىلىپ ئائىلىنى ۋەيران قىلىشقا ئېلىپ باراتتى. مەن دائىم بۇ ھەقتە سورايتتىم ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باراتتىم. ھەتتاكى، 37 يىل ئېرى بىلەن بىر ئۆينى تۇتۇپ، ئېرىدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان بىر ئايال مىنىڭ قېشىمغا كەلدى[(6)].. بۇ ئايالنىڭ بەش قىز، تۆت ئوغۇل بولۇپ، جەمئىي توققۇز بالىسى، تۆت كۈيئوغلى بار ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ قەلبىم پارا-پارە بولۇپ كەتتى. اللەنىڭ ھىدايىتى بىلەن قېرىندىشىم

(6) ـــ كتبت مقالاً عنها بعنوان ألم وآلام نشر في موقع صيد الفوائد "أطياف الهداية" وتجده في آخر هذا الكتاب.

ئۇستازىم قاسىم شەرفۇدىين بىلەن بۇ ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىنى بۇرۇنقى ئەسلى ھالىتىگە؛ بەلكى، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر ھالىتىگە قايتۇرۇشقا قادىر بولغانغا قەدەر بۇ ئارزۇ-ئارمانلىرىم قەلبىمدە توختىماستىن تېپىرلاپ ئارام بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنى يېزىشقا بەل باغلاپ قولۇمغا ئالدىم. مەن ھۇمسى شەھرىدىكى ھافىز مەسچىتىدە «مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە فىقھىسى» تېمىسىدا خۇتبە سۆزلىدىم. چۈنكى، بۇ تېما پۈتكۈل خۇتبىنىڭ تېمىسى ئىدى.

مەن بۇ خۇتبە سۆزلەش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ياخشىلىقلارنى تېخىمۇ كەڭ تارقىتىشنى ئويلاپ، بۇ «مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە فىقھىسى» دېگەن بۇ تېمىدىكى ئەسىرىمنى تور بېكەتلەردە تارقاتتىم. بۇ تەتقىقاتىم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈل تور دۇنياسىغا تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ زور قوللىشى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى. اللەدىن بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن.

## تەشەككۇرنامە ۋە تونۇشتۇرۇش

**"من لا يشكر الناس لا يشكر الله"** [7].«كىمكى، كىشىلەرگە تەشەككۇر ئېيتمىشنى بىلمىسە، ئاللەغا تەشەككۇر ئېيتمايدۇ.»

مەن بۇ يەردە مېنىڭ بۇ ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمغا ياردەمچى ۋە رىغبەتلەندۇرگۈچى بولغان قېرىنداشلىرىمغا ۋە ماڭا خالىس ياردەمچى، نەسىھەت قىلغۇچى بولغان دوستلىرىمغا تەشەككۇرۇمنى بىلدۇرىمەن. بۇ دوستلىرىم كۆپ بولۇپ، بۇ يەردە بىر قىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن. ئۇلار:

1-دوختۇر، شائىر، ئابدۇل مۇئتىي: بۇ كىشى بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ، بۇنى نەشر قىلىپ تارقىتىشىم ئۈچۈن مېنى كۆپ رىغبەتلەندۇردى.

2-دوكتور ھېسان شەمسىي پاشا: بۇ كىشى ماڭا يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇ كىتابتا كەم قالغان ۋە ئۇنتۇلۇپ قالغان بىر قىسىم جايلارغا تولۇقلىما بەردى.

---

(7) . الترمذي وقال هذا حديث حسن صحيح

3-دوكتور فەرھان سەلىيم: بۇ كىشى بۇ كىتابنىڭ تىل ۋە گىراماتىكا تەرەپلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان تىلشۇناس ئۇستازىمىز.

شەيخ مەمدۇھ جەنىيد بۇ خىزمەتكە ئالاھىدە ھەسسە قوشتى.

5-ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانام ۋە ئەزىز قېرىنداشلىرىم.

6-ئايالىم : ئۇ مېنىڭ بۇ كىتابنى تۈزۈش ۋە تۈزىتىش ئىشلىرىدا تىنچ شارائىت ۋە ۋاقىت شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئى رەببىم! مەن بۈگۈن بۇ كىتابنى تارقىتىشتىن ئىبارەت يېڭى بىر كىيىمنى كىيدىم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى كىيىمنى كىيگەندە مۇنداق دەيتتى:

قال: "**الحمد لله الذي كساني ما أواري به عورتي وأتجمل به في حياتي**" [8].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ماڭا ئەۋرەتلىرىمنى يۆگەيدىغان ۋە ھاياتىمدا مېنى گۈزەللەشتۈرىدىغان كىيىملەرنى كەيگۈزگەن ئاللەغا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن.»

---

(8). الترمذي وابن ماجه عن عمر رضي الله عنه.

ئى ئاللاھ! سەن كىيدۈرگەن بۇ كىيىملەرنى ماڭا ئەۋرەتلىرىمنى يۆگەيدىغان ۋە ھاياتىمدا مېنى گۈزەللەشتۈرىدىغان كىيىملەر قىلغىن! بۇ ئەمەلىمنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قوبۇل قىلغىن! ئى كەرەملىك رەببىم! ئامىن ...

م. عبد اللطيف البريجاوي

حمص – سوريا

غرة شهر محرم الحرام

عام 1426 هـ

بسم الله الرحمن الرحيم

# توي قىلىشتىن بۇرۇنقى ئىشلار ۋە ئائىلىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى

## توي تەكلىپى قويۇش:[9]

ئائىلە خۇددى كىچىك بالا تۇغۇلغاندەك تۇغۇلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ يېڭى بوۋاقنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى-شەرت شارائىتلار، ئىمكانىيەتلەر، بۇ تۆرەلمىگە كۆڭۈل بۆلۈش؛ ئۇنى ساغلام غىزا بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش، ئاتا-ئانىنىڭ تۆرەلمىنى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا زەربە بېرىدىغان كېسەللەردىن قوغدىشى؛ ئانىنىڭ بۇ يېڭى بوۋاقنىڭ ساغلام شەكىللىنىشى ئۈچۈن تۆرەلمىنى مۇئەييەن ۋاقىت قورساقتا كۆتۈرۈشى... قاتارلىق ئامىللارنىڭ سەۋەبىدىن (بۇ مەزگىل) -بەزىدە ئۇزۇن بولىدۇ، بەزىدە قىسقا بولىدۇ.

9 ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى توي تەكلىپى قويۇش ئىشلىرىنى : چاي ئىچكۈزۈش، گۈل قويۇش، چاي ئاپىرىش... قاتارلىق ئاتالغۇلار بىلەن ئاتايدۇ.

بۇ ئارقىلىق ئائىلىنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىنىڭ بەلگىسى ئائىلە شەكىللىنىش باسقۇچىدا (يەنى توي قىلىشتىن بۇرۇنقى مەزگىللەردە) روشەن بولىدۇ. ئائىلىنىڭ ئاساسلىق سۈرئىتى شەكىللىنىپ، ھەرخىل تەسەۋۋۇرلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ؛ بۇ جەرياندا، يول كۆرسەتكۈچى بەلگىلەر ئاشكارا بولۇپ؛ ھەر بىر كىشى باشقىلارنى ھەقىقىي ئەھۋالىنى تونۇپ يېتىپ ، ئۇنىڭغا توي قىلىشقا ئارزۇ-ئۈمىد باغلايدۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، توي ئىشلىرىنى دەرھال توختىتىدۇ.

❖ توي تەكلىپى قويۇش -توي قىلىشقا ۋەدىلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. [10].

توي قىلىش- ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ئورناتقان ئەڭ مۇھىم شېرىكچىلىك مۇناسىۋەتتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېرىكچىلىك ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىشەنچلىك، سەمىمىي، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشى بىلەن تېخىمۇ توغرا يولنى تېپىپ، مۇستەھكەملىنىپ، (دۇنيا-ئاخىرەتتە) بەخت سائادەتكە ئېرىشسە، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك (مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش) قاتارلىق ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن شېرىن ئارزۇلار بىلەن

---

([10]) . عبد الرحمن الصابوني / الأحوال الشخصية.

قۇرۇلغان بۇ ئەر-ئاياللىق تۇرمۇش شېرىكچىلىك مۇناسىۋىتى ئۇمىدسىزلىنىش يولىغا قاراپ مېڭىپ، ئاخىردا شېرىكچىلىك تۇرمۇشى پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :

رواه أبو داود عن أبي هريرة رفعه قال (أي النبي صلى الله عليه وسلم): **"إن الله يقول: أنا ثالثُ الشريكين ما لم يخن أحدُهما صاحبَه فإذا خانَه خرجتُ من بينهما"**.

اللە تعالى مۇنداق دەيدۇكى: «ئىككى شېرىكنىڭ بىرسى ئۆز ھەمراھىغا خىيانەت قىلمىسىلا، مەن شېرىكلەشكەن ئىككى كىشىنىڭ ئۈچىنچىسى بولىمەن؛ ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرسى ئۆز ھەمراھىغا خىيانەت قىلسا، مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىمەن .»[11]

[11] (سەھىھ ھەدىس ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى نەقلى قىلغان)

الله تعالى ئىككى شېرىكنىڭ ئۈچىنچىسى بولىدىغان ئەر-ئاياللىق شېرىكچىلىكى نېمە دېگەن بەختلىك -ھە!!!

الله تعالى ئۆز ياردىمى ۋە رەھمىتىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان ئاشۇ ئائىلە نېمىدېگەن بەختسىز -ھە!!!

ئائىلىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى قايناق ھېسسىياتقا تولۇپ تاشقان، ئالدامچىلىقتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، جەلپ قىلىشقا تىرىشىدىغان، شېرىن خىياللارغا تولغان، تىنچلىقنى خالايدىغان، ئارزۇلۇق كېچىلەرگە تولغان بولىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، يىگىت-قىز ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ياخشى تەرەپنىلا ئاشكارىلاپ ، كىشىنى خىجىل قىلىدىغان ناچار تەرەپلەرنى يوشۇرۇشقا، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا، خىلمۇ-خىل پۇتلىكاشاڭلارنى يۈزەكى- ئادەتتىكىدەك ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ.. شۇنىڭ بىلەن بۇ قايناق ھېسسىيات ئارقىسىدىن نۇرغۇنلىغان سەلبىي تەرەپلەر ئەگىشىپ كېلىدۇ . ئىشلار ئاخىرلىشىپ، ئائىلە قۇرۇلۇپ بولغاندا.. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئائىلە رېئاللىقىنىڭ بېسىمى ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ -دە بارلىق ساختىلىقلار ئاشكارا بولۇشقا باشلايدۇ، قايناق ھېسسىيات

سۇسلىشىپ، تۈرلۈك ئىشلار يۈز بېرىدۇ، بۇندىن بۇرۇنقى شېرىن خىياللار بىردەمدىلا غايىب بولىدۇ-دە ھايات چىدىغۇسىز جەھەننەم ئوتىغا ئايلىنىدۇ؛ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىپ ، بەزىدە تالاق قىلىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىدۇ.

بىز« ئائىلىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى» دەپ ئاتىغان مۇشۇ مەزگىلدە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك خاتا ئىش ھەرىكەتلىرى كۆپىنچە ئائىلىنى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋەيران قىلىشقا ياكى ئۇنى ئەڭ ناچار ئائىلە بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.. شۇ سەۋەبتىن ، بۇ ئائىلە جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك تۈۋرۈكى بولۇش ھەمدە جەمئىيەتنىڭ يارامىلىق ئەزاسى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى، جەمئىيەتكە ئېغىر يۈك بولىدۇ.

ئائىلىنىڭ ساغلام شەكىللىنىشى، بەختسىز ئائىلە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئائىلىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى جەزمەن پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك .

ئائىلىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلىنىڭ پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغا پايدىلىقتۇر.

# ئىسلامىي ئائىلە قۇرۇشنىڭ قائىدە-پىرىنسىپلىرى

ئىسلامىي ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نىزاملارغا دىققەت قىلىش كېرەك

1.توي قىلماقچى بولغان يىگىت قىزنى،قىز يىگىتنى كۆرۈشى ۋە ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارلىق بولۇشى:

بۇ كۆرۈشۈش يىگىت-قىز ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى قەلبلەرنىڭ ئاچقۇچى، ئىناقلىق پەيدا قىلىشنىڭ سەۋەبچىسى، مېھرى -مۇھەببەتكە تولغان ھاياتقا تەييارلىق قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولىدۇ.

ولهذا وجه النبي عليه السلام في الحديث الذي رواه الترمذي عن المغيرة بن شعبة أنه خطب امرأة فقال النبي صلى الله عليه وسلم: "**انظر إليها فإنَّه أحرى أن يُؤدم بينكما**" (12).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىرمىزى مۇغىيرىدىن نەقلى قىلغان ھەدىستە، ئۇنىڭ بىر ئايالغا توي تەكلىپى

(12) . قال أبو عيسى هذا حديث حسن.

قويغانلىقىغا يولىيورۇق بېرىپ مۇنداق دېگەن : ‹ئۇ ئايالنى كۆرگىن!! بۇ ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق، مېھرى -مۇھەببەت پەيدا قىلىشقا ئەڭ مۇناسىپتۇر›..

ئەگەر تونۇشۇپ بولغاندىن كېيىن [13] توي قىلسا، اللە خالىسا كۆپىنچە پۇشايمان قىلمايدۇ.

نەۋەۋى شەرھى مۇسلىمدا مۇنداق دەيدۇ: يىگىتنىڭ توي قىلماقچى بولغان قىزنى كۆرۈشىدە ياخشىلىق بار. شۇڭا يىگىت ھەدىستىكى ‹قىزنى كۆرگىن› دېگەن سۆزدىن قىزنى ھىسسى ۋە بەدىنىنى كۆرۈش دەپ چۈشۈنۈپ قالماسلىقى كېرەك؛ چۈنكى، ھەدىستىكى ‹قىزنى كۆرگىن › دېگەن سۆزنىڭ نۇرغۇن مەنىلىرى بار: يەنى ئۇ قىزنىڭ ئەخلاقى، دوستلىرى، مەسلىلەرنى تەپەككۇر قىلىش يولى، ئۇنىڭ ھاياتقا

[13] ئىسلامدا قانۇنلۇق بەلگىلەنگەن بۇ يەردىكى ئوغۇل-قىزنىڭ ئۇچرىشىشى ئىككىسىنىڭ قەلبىدىكى گۇمانلارنى يوقىتىپ، كەلگۈسىدىكى ھالال جۈپتىنى بىر قېتىم كۆرۈپ، بىر-بىرىدىن قەلبى خاتىرجەم بولۇپ، ئارىسىدا مېھرى-مۇھاببەت پەيدا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەقەتلا ئىككىسىنىڭ قارشى تەرەپنى بىر قېتىم كۆرۈشىنى كۆرسىتىدۇ؛ ھەرگىزمۇ ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى قىلغاندەك نەچچە يىل ئىش-پەش تارتىشىپ مۇھاببەتلەشتۇق دەيدىغان زىنا-پاھىشە، گۇناھ-مەئسىيەت ئىشلىرىغا پېتىپ، بالىسى تۇغۇلاي دەپ قالغاندا ئەمدى توي قىلايلى دەيدىغان رەزىللىكلەرگە ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ.

ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئائىلە قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىشلارغا بولغان كۆزقارىشى ... قاتارلىق تەرەپلەرگىمۇ قاراش كېرەك . [14]

(**تُنْكَحُ المرأَةُ لِأَرْبَعٍ: لِمَالِهَا، وَلِحَسَبِهَا، وَلِجَمَالِهَا، وَلِدِينِهَا؛ فَاظْفَرْ بِذَاتِ الدِّينِ؛ تَرِبَتْ يَدَاكَ**) ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقلى قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ‹ئايال كىشىگە ئۇنىڭ مېلى، نەسەبى، ھۆسنى جامالى، دىنى قاتارلىق تۆت تەرەپنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ نىكاھلىنىدۇ، دىندار ئايالنى تاللىغىن! ئاللە سىنى ئۆز پەزلى- مەرھەمىتى بىلەن باي قىلىدۇ..›(بۇخارى نەقلى قىلغان)

بۇ يەردىن قىزنىڭ خىلمۇ-خىل تەرەپلىرىگە نەزەر سېلىشنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. [15] شۇڭا ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشى دىندار ئايال تاللاش ئۈچۈن چوقۇم قىزنىڭ يۇقىرىقى سۈپەتلىرىگە چوڭقۇر نەزەر سىلىشى كېرەك .

قىزنىڭمۇ يۇقىرىقىدەك ھوقۇقى بولىدۇ - قىزمۇ ئوغۇلنىڭ ئەھۋالى، پىكىرلىرى، پىرىنسىپلىرى، نەزەر دائىرىسى، نىشانى قاتارلىق تەرەپلەرگە نەزەر

---

[14] قىزمۇ يىگىتنى كۆرىشى ھەمدە يۇقارقى تەرەپلىرىگە ئوبدان نەزەر سىلىشى كىرەك.

[15] قىزمۇ- ئوغۇلنىڭمۇ نۇرغۇن تەرەپلىرىگە نەزەر سىلىش كىرەك.

سېلىش بىلەن بىرگە ئۇنى ھىسسى تەرەپلەردىنمۇ بىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

"**إذا خطبَ إليكم من ترضَون دينَه وخُلقَه فزوِّجوه، إلاّ تفعلوا تكن فِتنة في الأرض وفسادٌ عريض**" [16].ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقلى قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :‹(ئى ئايالللار) سىلەر ئۇنىڭ دىنى، ئەخلاقىدىن رازى بولىدىغان كىشى توي تەكلىپى قويسا، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىڭلار!!ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، زېمىندا پىتنە پاسات يۈز بېرىدۇ!!›(تىرمىزى نەقلى قىلغان)

2. ئەر- ئايال ئوتتۇرسىدىكى تاللاش ئەركىنلىكىدە كۆڭۈلچەكلىك قىلىشقا (كۆڭلىدىكى مەقسىتىنى يوشۇرۇپ، ئاشكارا دېمەسلىككە ) بولمايدۇ.

ئائىلىگە يېتىدىغان ئەڭ چوڭ خەتەر تاللاشتىكى كۆڭۈلچەكلىكتىن كېلىدۇ . شۇ سەۋەبتىن، بۇ تويغا قىز قىزىقمايدۇ ياكى ئوغۇل قىزىقمايدۇ؛ قىز ياكى ئوغۇل نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سىقىلىدۇ؛ مۇشۇنداق ھالدا توي بولسا، بەختسىز ئائىلە

(16) الترمذي عن أبي هريرة والنظر هنا للفتاة وذويها في دين الخاطب وخلقه.

قۇرۇلۇپ، ھەل قىلىش قىيىن بولغان قىيىن مەسىلىلەر كېلىپ چىقىشقا باشلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرمۇش ئورتاقىنى تاللاشتا ھەرقانچە سەۋەب بولسىمۇ كۆڭۈلچەكلىك قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

فقد روى البخاري عن سهل بن سعد قال أتت النبي صلى الله عليه وسلم امرأةٌ فقالت إنها قد وهبت نفسها لله ولرسوله صلى الله عليه وسلم فقال: **"ما لي في النساء من حاجة"** بۇخارى سەھلىبنى سەئىدىن نەقلى قىلغان ھەدىستە بۇ كىشى مۇنداق دېگەن : ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر ئايال كېلىپ ، ئۆزىنى اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەدىيە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى؛ بۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئاياللارغا ئېھتىياجىم يوق دېدى .›

ئېنىقكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېخى، رەھىمدىل، مېھرىبان بولغاچقا بىرەر كىشىنى رەت قىلمايتتى، لېكىن ، شۇنداق تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى رەت قىلدى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئولتۇرمايلا ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى، تۇرمۇش ئورتاقىنى تاللاش ئىشى كۆڭۈلچەكلىككە ياكى ئەسلى مەقسەتنى يوشۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى، قەتئىي، كەسكىن بولۇشقا موھتاجدۇر.

3. ئوچۇق - يورۇق بولۇش.

ھەقىقەتەن، ئوچۇق - يورۇق بولۇش، يالغانچىلىقتىن يىراق بولۇش، بارلىق ھايات مەيدانلىرى ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىدا تۇمان ۋە ساختىنا پەردازلاشلاردىن يىراق بولۇش مۇسۇلماننىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. بولۇپمۇ، ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىنى قۇرۇش ئىشلىرىدا يۇقىرىقى سۈپەتلەر تولۇق نامايان بولۇش كېرەك .

ھەقىقەتەن، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ (ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىنى قۇرۇش) مەزگىلدە يالغانچىلىق قىلىش دۇرۇس دەپ قارايدۇ. شۇڭا، سۇ ئۇستىگە بەخت-سائادەتكە تولغان گۈزەل لەۋھەلەرنى سىزىدۇ، تىلىنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپ ، خالىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ؛ كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر يۈكلەرنىمۇ كۆتۈرەلەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، يامان ئىش - ھەرىكەتلىرىنى پەردازلاپ يۈكسەك، مۇستەھكەم، ھەممە كىشى ياقتۇرىدىغان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە قىزمۇ ئۆزى توغرىسىدا مۇشۇنداق ساختىنا ... سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەر ئىككى تەرەپكە ئىش ئىلىنىشىپ كېتىدۇ . ( بىر-بىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلەلمەيدۇ) خۇددى بىرسى يەنە بىرسىنىڭ سايىسى بىلەن توي

قىلغاندىكىدەك تۇنجى كېچىسىدىلا ئىككىسى ئاچچىق رېئاللىققا دۇچ كېلىدۇ .

تويدىن كېيىن ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىغا يېتىدىغان ئەڭ چوڭ خەتەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىسى ئۆل سالغان ئاشۇ يالغانچىلىقتىن كېلىدۇ .چۈنكى، توي تەكلىپى قويۇش مەزگىلىدە سۆزلەنگەن ئاشۇ يالغان سۆزلەر ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشى ئۈچۈن ھەقىقىي توسالغۇغا ئايلىنىدۇ. ئىنساننىڭ يالغانچىلىقى، ھاياتنى يالغانچىلىق، تۇمان ئۈستىگە قۇرغانلىقىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قىلىشى نېمىدېگەن قەبىھ ئىش ھە!!!

4.يالغان ۋەدىلەرنى قىلماسلىق.

بۇ يەردە ئىسلام ئائىلىنىڭ شەكىللىنىشىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئوتتۇرىغا قويۇلغان بارلىق قائىدە-نىزاملارغا قارشى بولغان يەنە بىر ئىش بار - ئۇ بولسىمۇ يالغان ۋەدىلەرنى قىلىشتىن ئىبارەت. يىگىت ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى ۋەدە قىلىدۇ؛ قىز مانا بۇ گۈزەل ۋەدىلەر، رەڭگارەڭ ھايات بىلەن يىگىتنى قوبۇل قىلىدۇ؛ ئىككىسى ۋىسالغا يەتكەندە بولسا، ھەر ئىككىسى ھايات دېڭىزىدا بىرسى يەنە بىرسىنىڭ يالغانچىلىقىنى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىنى

ئىچىپ تاشلايدۇ؛ ھەربىر تەرەپ يەنە بىرسىگە ئۇنىڭ يالغان ۋەدىسىنى ئەسلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قوپاللىق پەيدا بولۇپ، ھايات كۆڭۈلسىز بولۇپ قالىدۇ، ئىشەنچ يوقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تويدىن بۇرۇن ھەددىدىن زىيادە ۋەدىلەرنى قىلىش ئىنسانغا ئېغىر يۈكنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. بولۇپمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ۋەدىلەرنى قىلغاندا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

5.كەلگۈسىدىكى ئائىلىنىڭ ئومۇمىي يولىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش.

كۆپىنچە ۋاقىتتا، ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم شېرىكچىلىكنى بىنا قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ؛ بولۇپمۇ، توي تەكلىپى قويۇلۇۋاتقان، ئۆركەشلەپ تۇرغان ھېس -تۇيغۇ دېڭىزىدا تۇرغان ۋاقىتتا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. لېكىن ، بۇ ھېس -تۇيغۇلار ئىككى تەرەپكە شۇنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويماسلىقى ، يىگىت - قىز ئۆزلىرى قۇرماقچى بولغان ئائىلىنىڭ يولى، ئۇ ئائىلىنى قانداق قۇرۇش، ئائىلىنىڭ يول كۆرسەتكۈچى، ئائىلىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولى، ھەر بىر تەرەپ ياخشى كۆرىدىغان ۋە يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى ئېنىق بايان قىلىش ... قاتارلىق تەرەپلەرنى بىلىش كېرەك .

توي تەكلىپى قويغاندا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەر ئىككىسىنى پاراڭلىشىشقا بولغان نەزەر دائىرىسىنى ئاچىدۇ. قىزمۇ يىگىتنى ۋە ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى، ئۇنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنىدۇ.

ئائىلىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى ئائىلە ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. ئائىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى زۆرۈر بولغان قائىدە-نىزاملار بويىچە مۇستەھكەملەش - اللەنىڭ ئىزنى بىلەن- مۇكەممەل ئائىلە بىنا قىلىش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش ئۇچۇن بايان قىلىشقا ۋە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر.

# ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرتلەر

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ ناراً وقودها النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عليها مَلائِكَةٌ غِلاظٌ شِدادٌ لاَّ يَعْصُونَ اللهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾** (17)

بۇ ھەقتە اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر اللّٰە نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ» (سۈرە تەھرىم 6.ئايەت)

(17) التحريم / 6.

**(كلُكم راعٍ، وكُلكم مسؤُولٌ عن رعيته، والأميرُ راعٍ، والرجلُ راعٍ على أهل بيته، والمرأةُ راعيةٌ على بيت زوجها وولده، فكلكم راعٍ وكلكم مسؤولٌ عن رعيتِه)** [18].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن : «ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پادىسى ھەققىدە سوراققا تارتىلىدۇ؛ ئىمامىمۇ بىر پادىچى؛ ئۇ ئۆز پادىسى بولغان قەۋمى توغرىسىدا سوراققا تارتىلىدۇ؛ ئەر كىشىمۇ ئائىلىسىدە بىر پادىچى؛ ئۇمۇ ئائىلىسىدىكى كىشىلەر توغرىسىدا سوراققا تارتىلىدۇ؛ ئايال كىشىمۇ ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىگە بىر پادىچى؛ ئۇمۇ ئېرىنىڭ ئۆيى توغرىسىدا سوراققا تارتىلىدۇ؛ قۇل ئۆز خوجايىنىنىڭ ماللىرىغا پادىچى؛ ئۇمۇ ئۆز خوجايىنىنىڭ ماللىرى توغرىسىدا سوراققا تارتىلىدۇ؛ بىلىڭلاركى! سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى؛ ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلار توغرىسىدا سوراققا تارتىلىسىلەر.» بۇخارى نەقلى قىلغان.

مۇسۇلمان ئائىلىنىڭ ئارخىپى بەك مۇھىم ۋە زۆرۈردۇر. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب ، مۇسۇلمان ئائىلە -دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم قورغاندۇر. دىن دۈشمەنلىرى بارلىق كۈچى بىلەن بۇ مۇستەھكەم قورغاننى پارچىلاشقا ۋە ئۇنىڭ مەركىزى قىسمىغا

(18) متفق عليه عن ابن عمر بن الخطاب.

زەربە بېرىشكە ئۇرۇندى ۋە ھېلىمۇ ھەم ئۇرۇنماقتا... ئاللاھقا ھەمدۇلار بولسۇنكى، بىر قىسىم ئائىلىلەر بۇ ھۇجۇمغا قارشى تۇرماقتا... لېكىن ، نۇرغۇن ئائىلىلەر ۋەيران بولماقتا ....!

الله تەئالا سۈرە بەقەرەنىڭ 217-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:
**وَلاَ يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّى يَرُدُّوكُمْ عَن دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا وَمَن يَرْتَدِدْ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُوْلَئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَأُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾** [19].

{... ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.}

مانا دىن دۈشمەنلىرى قىلمىشىنى داۋام قىلماقتا..

مۇسۇلمانلاردىن قىنى كىم دىن دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرالايدۇ؟! قاچانغىچە بىزگە ھەر تەرەپتىن

[19] البقرة (217).

تەھدىت سېلىۋاتقان خەتەرلەرگە دىققەت نەزىرىمىزنى قاراتماستىن تىترەپ يۈرىمىز؟!

بۈنىڭدىنمۇ خەتەرلىك ئىش شۇكى، بۈگۈن مۇسۇلمانلار دوختۇرلۇق، ئىنژېنېرلىق، خىمىيە... ئىلىملىرىنى كۆپلەپ ئۆگەندى، لېكىن ، ئىنسانىيەت ئېنژىنىرلىقىدىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ئىلىمنى ئۇنتۇپ قالدى. بىز ئەۋلادلارنى قانداق تەربىيەلەۋاتىمىز؟!ئۇلارنى ئىلاھى رىسالەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا قانداق يېتەكلەۋاتىمىز؟!

ئىنسانىيەتنى ھايات ساقلاپ قىلىش ئاسان ئىش . ئۇ بارلىق مەخلۇقاتلار قىلالايدىغان ئىشتۇر. لېكىن ، ئىنسان ۋۇجۇدىنى ئاڭلىق، ئاكتىپ قىلىپ ئۆزگەرتىش تولىمۇ مۇشكۇل ئىشتۇر. ھەقىقەتەن بۇ زامانلاردا ئاتىلار، بالىلار، ئانىلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى يېمەك -ئىچمەك، كىيىم -كېچەك .. ئىشلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قىلىۋاتىدۇ.. بۇ ئىشلار ئاتا-ئانىلارنى مەمنۇن قىلىۋاتىدۇ.

بۈنىڭدىنمۇ خەتەرلىك ئىش شۇكى، بىزنىڭ ئائىلە - ئاللاھ رەھىم قىلغان كىشىدىن باشقا- ئەھۋالىمىز تولىمۇ قاباھەتلىكتۇر. مەسىلەن: دادا ئىشلەيدۇ؛ ئانا بازار ئايلىنىدۇ؛ بالىلار ئۆزىنىڭ يولى، نىشانىنى بىلمەيدۇ، بىز ئۇلارنى تەربىيەلەش ئىشلىرىنى

ھەرخىل مۇھىتلارغا تاپشۇرۇپ قويدۇق[20]. ھەقىقەتەن ئىسلام شۇنى تەكىتلەيدۇكى، ئاتا-ئانىلار ئەۋلاد تەربىيەلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ..

قال ﷺ: ما من مولود إلا يولد على الفطرة، فأبواه يهودانه، أو ينصرانه، أو يمجسانه، كما تنتج البهيمة بهيمة جمعاء، هل تحسون فيها من جدعاء، ثم يقول أبو هريرة –رضي الله عنه– فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا ۚ فِطْرَتَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا ۚ لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ۚ ذَٰلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ.. رواه البخاري ومسلم. [21]،

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ‹ھەربىر بوۋاق ئىسلام ئۈستىگە (مۇسۇلمان ھالەتتە)

---

[20] يەنى ئۇلارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىنى يەسلىلەرگە، مەكتەپلەرگە ۋە باشقىلارغا.. ۋە يەنە ... تاپشۇرۇپ قويدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاھىلىيەت سىستېمىسىدا تەربىيلەنگەن باللار ئەقىدە-ئېتىقادتىن، ئەدەپ-ئەخلاقتىن ... ئەڭ ئاددىي ئىنسانىي خىسلەتلەردىنمۇ خالى چوڭ بولدى... ئاخىردا ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان، ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدىغان، ئۆزىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم كېچەكلىرىنىمۇ ئاتا-ئانىسى تەمىنلەيدىغان بىر بۆلۈك شاللاق ئەۋلادلار يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ.. دىن دۈشمەنلىرىنىڭ مەقسىتى دەل شۇ. دىن دۈشمەنلىرى ھەرگىزمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ياراملىق ئەۋلادلار قىلىپ تەربىيلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىلار باللىرىنىڭ ئەقىدىسىگە كۆڭۈل بولسە ئىدى، ئىنىقكى، ئۇلار ئاشۇ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ سىستېمىسى ئاستىدىكى مەكتەپلەردىنمۇ ياخشى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلالىشى مومكىن ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇس...

[21] متفق عليه.

تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي ، ياكى ناسارا ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ. خۇددى چارۋىلارنىڭ بىجىرىم تۇغۇلغىنىغا ئوخشاش، سىلەر ئۇنىڭدا كەمتۇكلۇكنى ھېس قىلدىڭلارمۇ؟ (دېمەك مۇسۇلمان ھالەتتە تۇغۇلغان بوۋاقنى ئاتا-ئانىسى ئۆزىنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىغا يېتەكلەيدۇ-ت) [بۇخارى نەقلى قىلغان. ]

فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا ۚ فِطْرَتَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا ۚ لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ۚ ذَٰلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ.. «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنىكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ» (سۈرە رۇم 30)

مانا بۇلار كوچىلار، شەرت-شارائىتلارنىڭ بالىلارنى ئازدۇرۇۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تەرك ئەتمەسلىككە قىزىقتۇرىدۇ، سېنى ئەر- ئايال، قېيىنئانا، قېيىنئاتا ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

# ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرى

شەك-شۈبھىسىز، ھەر بىر كىشى ئوغلىنىڭ ھەممە جەھەتتىن ئۆزىدىن ياخشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

سۈرە بەقەرەنىڭ 124-ئايىتىدە اللە تەئالا بۇ خىل ھىسىياتنى سەييىدىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەرگەن: ﴿ قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَاماً قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِي.... ﴾[22]. { ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. اﷲ ئۇنىڭغا: «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ» دېدى. اﷲ: «مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى.}

---

([22]) البقرة.

مانا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام اللە قا يېقىنلاشقان مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بۇ يەردىكى (دىندا) پېشۋا قىلىمەن) دېگەن سۆز تەپسىرشۇناسلار تەپسىر قىلغاندەك پەقەت پەيغەمبەرلىكنىلا كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى، بارلىق ياخشىلىقتا يولباشچى قىلىشنى كۆرستىدۇ.. مانا بۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھېسسىيات ؛ لېكىن ، بىز ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ھەرقانداق ئىشتا ياخشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز؛ بىز ئۇلارنىڭ قايسى ئىشتا باشلامچى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز؟ ياخشى ئىشلارغا باشلامچى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىزمۇ ياكى يامان ئىشلارغىمۇ؟!

بىزنىڭ ئۆيىمىز بىزنىڭ ئاخىرقى پاناگاھىمىز، بولۇپمۇ، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى زۇلمەتلىك كېچىنىڭ بىر پارچىسىغا ئوخشاتقان بۆگۈنكىدەك پىتنە پاساتقا تولغان زاماندا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**"كقِطَعِ الليلِ المظلمِ يُمسي الإنسانُ مؤمناً ويصبح كافراً، ويُصبح مؤمناً ويمسي كافراً، يبيع دينه بِعَرضٍ من الدنيا"**[23].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ‹... زۇلمەتلىك كېچىنىڭ بىر پارچىسىغا ئوخشاش بىر

(23) رواه مسلم والترمذي.

كىشى مۇئمىن ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزىدۇ. كەچكىچە كاپىر بولىدۇ  ياكى كەچتە مۇئمىن ھالەتتە بولىدۇ، تاڭ ئاتقىچە كاپىر بولىدۇ. ئۇ دىنىنى مال دۇنياغا سېتىۋېتىدۇ.›[مۇسلىم نەقلى قىلغان]

پىتنە پاساتقا تولغان زاماندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىلەرگە يۈزلەندۈرۈپ دېگەنكى: فقال: ((**عن عقبة بن عامر رضي الله عنه قال: قلت يا رسول الله ما النجاة؟ قال صلى الله عليه وسلم: (أمسك عليكَ لسانكَ وليَسعْكَ بَيتُك وابكِ على خطيئتكَ). رواه أبو عيسى الترمذي (279 هـ) في سننه وقال هذا حديث حسن.**)) (24).

«...تىلىڭغا ئىگە بول![25] ئائىلەڭ سىنى خۇشال قىلسۇن![26] خاتالىقىڭغا يىغلا![27] ›[ئەھمەد نەقلى قىلغان]

ئەمما ئائىلىلەر پىتنە پاساتقا تولۇپ كەتسە، بالىلار نەگە بارىدۇ؟ ئايالىلار نەگە بارىدۇ؟!

---

(24) انفرد به الترمذي وقال حديث حسن.

25 ياخشى سۆز قىلغىن!  ئاز سۆزلە! ياخشى سۆز تاپالمىساڭ، سۈكۈت قىلىپ شۈك تۇرىۋالغىن.

26 اللەنىڭ بەرگەنلىرىگە قانائەت ۋە شۈكرى قىلغىن،..

27 ئۆزۈڭنى ئىسلاھ قىلغىن! اللەغا تەۋبە قىلغىن! مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن...!

# ئائىلىنىڭ بوران چاپقۇنلىرىدىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك ؟!

## ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرى

بۇ يەردە ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىم ئۈچ شەرتى بار.

1.اللەدىن ياردەم تەلەپ قىلىش.

اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **إياك نعبد وإياك نستعين**﴾.{ (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز }

وكما يقول الرافعي:

**فكلّ سهل إذا لم يوفق الله له صعب** (28)

---

(28) ديوان الرافعي، تحقيق أسامة محمد السيد.

رافىئى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ سىناش ئۈچۈن قىيىنچىلىقنى ئىرادە قىلمىغانلا بولسا، ھەرقانداق ئىش ئاسان بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار بىر كۈندە نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش جەريانىدا 70قېتىمدىن كۆپرەك اللەدىن تەكرار-تەكرار ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ، مۇسۇلمان اللەدىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشى كېرەك . ئايەتنىڭ لەفزىنى تەكرارلاش بىلەنلا ياردەم تەلەپ قىلغان بولمايدۇ. بەلكى، ياردەم تەلەپ قىلىش ماھىيەتتە قىلماقچى بولغان ئىشقا قەلبىدىن يۈزلىنىشى ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى بىۋاستە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ .

2-ئەمەلى ئۈلگە بولۇپ تەربىيەلەش .

اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**(وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا) ( ﯪ 74)**

{ ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا

دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دەيدۇ.}سۈرە فۇرقان 74-ئايەت

اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**قال تعالى: ﴿أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنْفُسَكُمْ وَأَنْتُمْ تَتْلُونَ الكِتَابَ أَفَلاَ تَعْقِلُونَ﴾** [29].

{كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات) نى ئوقۇپ تۇرسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر }سۈرە بەقەر 44-ئايەت

ئەگەر سەن توغرا يولدىن ئېغىپ كەتسەڭ، ئائىلەڭنى توغرا يول، ساغلام نىشانغا ئىگە قىلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس.

ئەگەر ئوغلۇڭنى مەسچىتتە ناماز ئوقۇشقا ئۈندىسەڭ، بۇ ئۇنىڭغا ھەرگىز تەسىر قىلمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قېتىم مەسچىتكە كىرىشىڭ ياكى ئۇنىڭ سېنىڭ مەسچىتكە كىرگىنىڭنى كۆرۈشى، ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلغىنىڭدىن كۆپ ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

---

(29) البقرة.

ئەگەر بالاڭنى تاماكا چېكىشتىن توختاشقا ئۈندىسەڭ، بۇ ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر قىلمايدۇ؛ لېكىن ، ئۇ بۇ ئىشلارنى سەندە ئەمىلى كۆرسە، ئۇ دەرھال تاماكا چېكىشتىن توختايدۇ.

ئەگەر بالاڭنى ناچار تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى كۆرمەسلىككە ئۈندىسەڭ، ئۆزۈڭ كۆرۈشنى توختاتمىساڭ، بۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدۇ.

3- ئۆي چوقۇم ئىككى تەرەپنىڭ بىرى غەلبە قىلمىسا، بولمايدىغان چېلىشىش مەيدانى ئەمەس. [30]

ئۆي ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ ياكى قېيىنئانا ياكى قېيىنئاتىنىڭ پىكرى بويىچە داۋام قىلىدۇ.

بەختكە يۈزلىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى شۇكى، ئەر ئايالغا، بالىلىرىغا ئۆزىنىڭ ھەقنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەمدە ھەر قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت ھەقكە ئەگىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك .

بىز اللەنىڭ ئىزنى بىلەن كېيىنكى قىسىملاردا سۆزلىمەكچى بولغىنىمىز ئەۋلادلارنى قانداق تەربىيەلەيمىز؟ئائىلىنى قانداق تەربىيەلەيمىز؟

---

([30]) معاذ الخطيب (عشرة نقاط تمنع اختلال الأسرة).

دېگەن مەسىلىلەر ئەمەس.چۈنكى، ئۇ ھىدايەت - بەسىرەت ۋە اللەنىڭ دىنىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان پۈتكۈل ئائىلىنىڭ نىشانىدۇر. بىز بۇ يەردە مۇسۇلمان ئائىلىسى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلار ھەققىدە توختىلىمىز. چۈنكى، بىز بۇ كىتابنى «مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە فىقھىسى» دەپ ئاتىدۇق.

# ئايالنى ئىسلاھ قىلىش

ئۇي ناھايىتى چوڭ شىركەتتىن ئىبارەت. ئۇ نۇرغۇنلىغان شىركەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى، ئۆي تەلىم-تەربىيە شىركىتى، تەمىنات، يېمەك - ئىچمەك شىركىتى، ئىجتىمائىي ئالاقە شىركىتى، كۆڭۈل ئىچىش شىركىتى.. قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇشۇ شىركەتلەرنىڭ باش لىدىر ئايال بولىدۇ.

شۇڭا، ئايالنى ئىسلاھ قىلىش ئائىلىنى ئىسلاھ قىلغانلىقتۇر.

اللە تەئەلا سەييىدىمىز زەكەريا ئەلەيھىسسالامدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وأصلحنا له زوجَه**﴾[31] { بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق (يەنى تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق). (يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز)

---

([31]) الأنبياء (90).

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى}سۈرە ئەنبىيا 90-ئايەت

ئىبنى ئابباس تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: اللە تەئالا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامغا ئايالىنى ئىسلاھ قىلىپ بەردى ھەمدە ناھايىتى ئەخلاقلىق بىر بالا بەردى[32].

شۇڭا، ئايالنى ئىسلاھ قىلىش بولسا، ئۇنى دىن ئىلىمدا ئوقۇتۇش، ئۇنىڭ ئەخلاقى پەزىلەتلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

ولهذا ورد الحديث الشريف عن عبد الرحمن بن عوف قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: **"إذا صلَّتِ المرأةُ خمَسها وصامتْ شهرَها وحفظتْ فرْجها وأطاعتْ زوجَها قيل لها أُدْخلي الجنة من أي أبوابِ الجنةِ شئت"**[33]، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفتىن نەقلى قىلىنغان ھەدىس شەرىفتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن : «ئايال كىشى بەش

---

([32]) الطبري.

([33]) أحمد.

ۋاقىت نامازنى ئوقۇسا، بىر ئاي روزىنى تۇتسا، نومۇسنى ساقلىسا، ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، ئايالغا ئۆزۈڭ خالىغان جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرگىن دېيىلىدۇ. » ئەھمەد نەقلى قىلغان

بۇ ئىتائەت ئىشىدا ئەرنىڭ ئۇستىدە ئايالنى ئاللاھ بۇيرۇغان نەرسىلەرگە بۇيرۇشتىن ئىبارەت ناھايىتى چوڭ مەسئۇلىيەت بار. چوقۇم ئەر ئۆينى ۋەيران بولۇشتىن قۇتقۇزۇش ئۇچۇن جاپالىق ئىشلىشى، ئايالغا كۈچ-قۇۋۋىتىنى، ئارزۇ قىلغان ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشى كېرەك .

## ئايالنى قانداق ئىسلاھ قىلىمىز؟

بۇ ئىسلاھ قىلىشنىڭ بىر قانچە قەدەم باسقۇچلىرى بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى باسقۇچ : قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ۋە ئائىلە ئالاقىسىنى كۈچەيتىدىغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى توغرا چۈشىنىش .

بۇ ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

1-ھەدىس: ئەبۇ ھۇرەيرە دىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : (عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: **"استوصوا بالنِّساء فإن المرأةَ خُلقت من ضِلْعٍ وإن أعوج شيءٍ في الضلع أعْلاه فإن ذهبتَ تقيمه كسرتَه وإنْ تركته لم يزلْ أعوج فاستوصوا بالنِّساء"**[34].) «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار!چۈنكى ئايال ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، قوۋۇرغىنىڭ ئەڭ ئەگرىسى

---

([34]) . متفق عليه.

ئەڭ ئۇستىدىكى قوۋۇرغىدۇر. سەن ئۇنى تۈپتۈز قىلىمەن دېسەڭ، ئۇنى سۇندۇرۇپ قويىسەن، ئۇنى ئىسلاھ قىلماي تاشلىۋەتسەڭ ئەگرى پېتى تۇرۇۋېرىدۇ . شۇڭا، ئاياللارغا ياخشى نەسىھەت قىلىڭلار! »بۇخارى نەقلى قىلغان.

بەزىلەر: بۇ ھەدىس قىيىنچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ-دەيدۇ: ئېھتىمال ، سەن ئىسلام ئايال ئەڭ ئەگرى قورغىدىن يارىتىلدى، ئۇنى تۈزەيمەن دېسەڭ سۇندۇرۇپ قويىسەن، تاشلاپ قويساڭ ئەگرى بولىۋالىدۇ دەپ تۇرۇپ يەنە ئەردىن ئايالنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ دەپ ئويلاپ قىلىشىڭ مۇمكىن .

ھەقىقەتەن، بۇنىڭدا ھېچقانداق مۇشەققەت يوق: ئايالنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچ مۇھىم نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1-سەبىر قىلىش.

اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وأمر أهلك بالصلاة واصطبر عليها**﴾ [35]

---

([35]) . طه (132).

{ (ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر } سۈرە تاھا 132-ئايەت
2-مۇلايىم بولۇش.

ئائىشە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ) دىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :﴿ **إن الرفق لا يكون في شيء إلا زانه** ﴾ (36).
«قانداق نەرسىدە مۇلايىملىق بولىدىكەن بۇ ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىۋېتىدۇ؛ قانداق نەرسىدە مۇلايىملىق بولمايدىكەن، بۇ ئۇنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ.» مۇسلىم نەقلى قىلغان.

مۇلايىملىق ۋە سەبىر قىلىش ھەرقانداق نەرسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر؛ بۇ ئىككىسى ھەرقانداق نەرسىدە تېپىلسا، ئۇ ئەڭ گۈزەل سۈرئەتتە ئىسلاھ بولىدۇ.

3-چۈشىنىش .

يەنى، ئايالنىڭ تەبىئىتىنى، ئۇنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى چۈشىنىش ؛ چۈنكى، ئەرنىڭ

(36) مسلم.

مىجەز - خاراكتېرى بىلەن ئايالنىڭ مىجەز خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ. پاراسەتلىك كىشى ئۆزىنىڭ مىجەز خاراكتېرى بىلەن ئايالنىڭ مىجەز خاراكتېرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرالايدۇ.

بۇ يەردە ئەركىشى ئىككى نۇقتىنى بىلىۋېلىشى كېرەك :

1- ئەركىشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئايال كىشىنى دوراشقا باشلىغان ۋاقىتتا باشلىنىدۇ، ئايال كىشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئەر كىشىنى دوراشقا باشلىغان ۋاقىتتا باشلىنىدۇ.

2- هايات ئىشلىرى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ :

1- ئايال يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە قارار چىقىرىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. بۇ ئىشلار ئادەتتە ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئۇ ئىشلار: ئۆينى رەتلەش، بېزەش .. دېگەنگە ئوخشاش ئىشلاردۇر. ئەركىشى بۇ كونا- يېڭى ئىشلارغا ئارلىشىۋالماسلىقى بۇ ئايالالرغا خاس ئالەمنى دۇغلاشتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك .

نۇرغۇن ئىشلارغا ئەركىشى قارار چىقىرىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تەئالا سۈرە نىسانىڭ 34-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

(**الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ بِمَا فَضَّلَ اللَّهُ بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ وَبِمَا أَنفَقُوا مِنْ أَمْوَالِهِمْ** ۚ) {ئەرلەر ئاياللارنىڭ هامىيلىرىدۇر، بۇ اللّٰەنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىندۇر)....}

لېكىن، ئاياللارنىڭمۇ ئۆزىگە تەۋە ئىشلاردا پىكىر قىلىش ھەققى بار. بۇنداق دېگەنلىك ئايال ئۇچۇن بەزى ئىشلاردا بولۇپمۇ ئائىلە ئىشلىرىدا ئۇلار ئۇچۇن تولۇق ئەركىنلىك بېرىلىدۇ . باشقا ئىشلارغا ئەركىشى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىز ھايات ئىشلىرىمىزنى توغرا ئۇسۇلدا تەرتىپكە سالالايمىز.

ئىسلام ئەر كىشىدىن ئايالىنىڭ خاراكتېرىنى ، ئۇنىڭدىكى ئاياللىق تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بەلكى، ئۇنىڭدىن ئاياللارنىڭ بۇ ئەگرى خاراكتېرىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتمەسلىكنى، بۇ خاراكتىرلەرنىڭ ئەرنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئۆزى بىلەن بىرگە سۆرەپ مېڭىشقا يول قويماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

2-ھەدىس: ئەبۇ ھۇرەيرە دىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : عن أبي هريرة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: **"لا يَفْرُكْ مؤمنٌ مؤمنة إنْ كَرِه منها خُلقاً رضيَ منها آخر"**[37].«مۇئمىن ئەر مۇئمىن ئايالنى ئۆچ كۆرمىسۇن! گەرچە ئۇ ئايالنىڭ مەلۇم بىر ئەخلاقىنى يامان كۆرسىمۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن رازى بولىدۇ.» (مۇسلىم نەقلى قىلغان.)

ئايال كىشىدىن ئەركىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلار يۈز بەرسە، ئەر كىشى ئايالنى يامان كۆرمەسلىكى، ئايالنى قەلبىدە ياخشى كۆرۈش بىلەن بىرگە ئايال ئۇچۇن بولغان بەزى ئىشلارنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق ئايالنىڭ ئەگرى تەبىئىيىتىنى يەڭگىللىتىشى كېرەك .

3- بۇ ھەقتە ئەر كىشىنىڭ ئايالىنى ئىسلاھ قىلىشى توغرىسىدا كەلگەن مۇنۇ ئايەتلەر بار.

ئاللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿وأمُرْ أهْلك بالصلاةِ واصْطَبر عليْها لا نسألُك رزقاً نحن نرْزقُك والعاقبةُ للتقوى﴾**

---

([37]) . رواه مسلم.

{(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر} سۈرە تاھا 132-ئايەت.[38]

نۇرغۇن كىشىلەر ئىقتىساد ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى ئېهتىياجلىرىنى تەمىنلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ بىراق، ئەڭ مۇھىم بولغان نامازغا بۇيرۇش ۋە ھاياتنى شەرىئەت بويىچە ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىشلارغا بۇيرۇشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

بۇ يەردە ناماز ئەھمىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى.

[38]. طه 132.

# ئىككىنچى باسقۇچ

## ئايالنىڭ ئىلمى ۋە تەلىم-تەربىيە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش

بۇ ئايال ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم؛ نۇرغۇن ئەرلەر قىزلار بىلەن توي قىلىدۇ؛ ئۇلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىسلاھاتلارنى قىلىشنى ئىرادە قىلمايدۇ؛ قىزلارنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە مۇكەممەل تەربىيەلىنىپ ، ھەممە تەرەپتىن پىشىپ يېتىلىپ تەييار بولۇشىنى ئىرادە قىلىدۇ،

ئەرلەر قىزلارنىڭ ئۆزى ئىرادە قىلغاندەك بولۇشىنى ئىرادە قىلىدۇ؛ شۇڭا ئۇلاردىن ھەرقانداق خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنىڭ سادىر بولۇشىنى قوبۇل قىلالمايدۇ!!!

شۇڭا، ئەر ئايالنى ئۆزى ئويلىغاندەك بىر ئايال بولۇشى ئۈچۈن ئوقۇتۇشى، تەلىم-تەربىيە بېرىشى ، ياخشى ئانا بولۇشى ئۈچۈن تەييارلىشى كېرەك . يەنە قايسى ۋەزىپە بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم؟!

نۇرغۇن ئەرلەر ئايالىغا ئىلىم ئۆگۈتۈش ئۈچۈن ۋاقىت چىقارمايدۇ؛ [39]لېكىن ، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن :
أن النبي عليه السلام قال: "**خَيْرُكم خيرُكم لأهله**" ([40]).
«سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئۆزىنىڭ ئەھلىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولغىنى، مەن ئەھلىمگە سىلەرنىڭ ھەممىڭلاردىن ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن... »تىرمىزى نەقلى قىلغان.

ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش پەقەت خىزمەت، ئائىلە ئىشلىرىدا ياردەملىشىش بولماستىن؛ بەلكى، ئىمانى، ئىلمى، تەپەككۇر سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

[39] بىراق، نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلىرىمىز باشقىلارغا دىنىي دەرسلەرنى ئۆگۈتۈش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تىماي، مەخپىي ۋە ئاشكارە ھەرىكەت قىلىدۇ. بىراق، ئائىلىسىگە ۋاقتى يەتمەيدۇ؛ شۇڭا ، كۆپىنچە ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئەخلاقسىز كىلىدۇ؛ شۇڭا اللە مۇنداق دىگەن: ( **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَّا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ (6)**) «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ»

([40]) . الترمذي وأبو داود.

# ئۈچىنچى باسقۇچ

## ئايالغا اللە قۇرئاندا بايان قىلغان مېھرى -مۇھەببەت ۋە ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلدۇرىدىغان ياخشى مۇئامىلىلەرنى قىلىش

اللە تەئالا سۇرە رۇمنىڭ 21-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: : ﴿ومنْ آياته أنْ خَلَقَ لكمْ منْ أنْفُسِكم أزواجاً لتسْكنوا إليها وجَعَلَ بينكم مودَّةً ورحمَةً إنَّ في ذلك لآياتٍ لقومٍ يتفكرون﴾ [41]. { ئايالىلار بىلەن ئۇنسى – ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (اللّٰه نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر – خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اللّٰه نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.}

مانابۇ ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ قىسقا يولى بولۇپ، ياخشىلىق قىلغان كىشىگە كىشىلەر قەلبىدىكى ياخشىلىقنىڭ تەسىرى نامايان بولىدۇ.

---

([41]) - الروم /21.

## تۆتىنچى باسقۇچ

### ئايالىغا ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ۋە بولۇپمۇ ئەرنىڭ تۇغقانلىرى ئالدىدا ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش

بۇ باسقۇچ ئايالنىڭ تېخىمۇ ياخشى، سالىھ بولۇپ ئۆزگىرىشىگە چوڭقۇر تەسىرى كۆرسىتىدۇ.

تۆتىنچى باسقۇچ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا باسقۇچلار قۇرئان كەرىم سۈرە نىسادا زىكرى قىلىنغان ﴿فَعِظُوهُنَّ﴾، { سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار،} دېگەن بىرلا سۆزنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ .

ئايالنىڭ تەبىئىيىتىنى چۈشىنىش ، سەۋىيەسىنى ئۆستۇرۇش، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش... بۇلارنىڭ ھەممىسى الله تەئالا بۇيرۇغان نەسىھەت قىلىش، ياخشى مۇئامىلە قىلىش دېگەن بابقا كىرىپ كېتىدۇ .

اللە تەئالاسۈرە بەقەرەنىڭ-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: **﴿فإمْساكٌ بمعرُوفٍ﴾** [42]. { (قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇننى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم،..}

ئەرنىڭ ئايالىنى ئىسلاھ قىلىش ئۇچۇن ئايەت كەرىمدە كەلگەندىن باشقىچە يول تۇتۇش ئەڭ چوڭ خاتالىق.

بۇ ھەقتە اللە تەئالا سۈرە نىسانىڭ 34-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: **﴿الرجالُ قوَّامونَ على النِّساءِ بما فضَّل اللهُ بعضَهم على بعضٍ وبما أنْفقُوا منْ أمْوالهم فالصَّالحاتُ قَانِتاتٌ حافِظاتٌ للغيبِ بما حفظَ اللهُ واللاتي تخافون نشوزهنَّ فعظوهنَّ واهجروهنَّ في المضاجع واضْربوهُنَّ فإن أطَعْنكم فلا تَبْغوا عليهنَّ سبيلاً إنَّ الله كانَ علياًّ كبيراً﴾** [43]. { ئەرلەر ئايالالارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ اللّٰە نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ - قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئايالالاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل - ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئايالالارنىڭ

---

([42]) . البقرة.

([43]) . النساء /34.

نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىن دۇر) ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا اللّٰه نىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر، سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. اللّٰه ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر (اللّٰه ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاننى جازالايدۇ).}

ئەر كىشى ئايالىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئۇنى تاشلىۋېتىش ياكى ئۇرۇش بىلەن باشلايدۇ؛ ئۇ تۇنجى ۋە ئاساسلىق باسقۇچنى-يەنى ۋەز-نەسىھەت قىلىش باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن، بۇ خاتا ئىسلاھات نەپرەتلىنىشكە، ۋەيران قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

# ئەرنى ئىسلاھ قىلىش

ئەر ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى؛ ئائىلىنىڭ مۇقىملىقى، خاتىرجەملىكىنىڭ ئاساسى ۋە ئائىلىدىكى ئۈمىدۋارلىق، ئارزۇ-ئارماننىڭ مەنبەسى. ئائىلە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قايسى سۆزدە ئەر ئىسلاھاتىنىڭ بىر تەرىپى بولمايدۇ؟! ئەر كىشى گوياكى سۇ ئىچىش ۋە ئۆچۈرۈش ئۇچۇن ئىككى قولىنى سۇغا تىققان كىشىگە ئوخشايدۇ؛ ئاتا ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئامىللىرىدىن يىراق بولسا، ئۇنداقتا، بۇ ئائىلە مۇقىم ۋە خاتىرجەم بولۇشتىن ئىبارەت ئارزۇسىغا ھەرگىز يېتەلمەيدۇ.

بەزىدە ئۇشتۇمتۇت ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىنى سايلىقىنى سۇسلاشتۇرىدىغان، ئائىلىنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزىدىغان؛ ئاللە ئىنئام قىلغان ئىلاھى دوستلۇقنى ۋەيران قىلىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ-دە ئۆي ئائىلىنىڭ خوجايىنىدىن سادىر بولغان قارىغۇلارچە ، شەيتانى ئىش-ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتتا ۋەيران بولىدۇ.

چۈنكى، ئايال ۋە بالىلار ھېس - تۇيغۇلىرىغا ئازار بېرىدىغان ، قەلبىدىن خاتىرجەملىكىنى

تارتىۋالىدىغان، ھاياتىنى گاڭگىراش، قايمۇقۇش گىردابىغا ئىلىپ بارىدىغان بۇ ئىش ھەرىكەتلەردىن بىھوش بولىدۇ.

ئىسلام دىنى ئائىلە ۋە ئۇنىڭ تىنچلىقىغا قىزىقانلىقى ئۈچۈن، ئايالغا ئەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە خاتىرجەم ئائىلىگە، خۇشال تۇرمۇشقا، گەدىنىگە يۈكلەنگەن زور مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا قايتۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

الله تەئالا سۈرە نىسانىڭ 128-ئايىتىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: : **﴿وإنْ امرأةٌ خافتْ منْ بعلِها نشوزاً أو إعراضاً فلا جُناحَ عليهما أنْ يُصلحا بينهما صُلحاً والصُلحُ خيرٌ وأحضرتِ الأنفسُ الشحَّ وإنْ تُحسنوا وتَتقوا فإنَّ اللهَ كان بما تعملونَ خبيراً﴾**[44]. { ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس، كېلىشىش (ئۇزلۇشۇپ كېتىشتىن) ياخشى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن، ئەگەر (ئاياللىرىڭلارغا) ياخشىلىق قىلساڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار

---

([44]) . النساء /128.

(اللّٰه سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ). االلّٰه ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.}

تىبرى رەھمەتۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىكى «كۆڭۈلسىز بولۇش بىلەن يۈز ئۆرۈش» ئوتتۇرسىدىكى پەرق شۇكى: «كۆڭۈلسىز بولۇش» دېگەنلىك ئېرىنىڭ ئايالدىن يىراقلىشىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

«يۈز ئۆرۈش» دېگەنلىك ئېرىنىڭ ئايالىغا گەپ قىلماسلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشنى خالىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.(تەپسىر تىبرى)

بۇ ئايەتتە ئايال كىشى ئەر تەرەپتىن تاشلىۋېتىلگەن شۇنىڭ بىلەن ئايالنىڭ خاتىرجەملىكى، ئىززەت-ھۆرمىتى، پۈتكۈل ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى تەھدىتكە ئۇچرىغان ۋاقىتتىكى كۆڭۈلسىزلىك، يۈز ئۆرۈش ھالەتلىرىگە نەزەر سېلىنىدۇ. ھەقىقەتەن قەلبلەر ئۆزگىرىدۇ، ھېس -تۇيغۇلار ئۆزگىرىدۇ.

ئىسلام ھاياتتىكى بارلىق ئىشلارنى ھەل قىلىدىغان ھايات پىرىنسىپى بولۇپ، ھاياتلىق ئۇچۇن ئوتتۇرىغا قويغان ھەرقانداق ئىشقا ئۆز پىرىنسىپ دائىرىسىدە، ئۆزى سىزىپ چىققان جەمئىيەت لايىھەلەش ۋە بۇ لاھىيەگە مۇۋاپىق ھالدا شۇ جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۇرۇش ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ.

ئايال كىشى ئەرنىڭ ئۆزىدىن يىراقلىشىپ كېتىشىدىن ھەمدە بۇ يىراقلىشىپ كېتىشىنىڭ تالاققا ئېلىپ بېرىشىدىن (تالاق قىلىش ھالال؛ لېكىن ، الله ئەڭ ئۆچ كۆرىدۇ) ۋە ئۆزىنى قوشۇققا ئوخشاش ئۇ ياكى خوتۇن ئەمەس ياكى تالاق ئەمەس مۇشۇنداق تاشلىۋېتىشىدىن يۈز ئۆرۈشكە ئېلىپ بېرىشىدىن قورقسا، بۇ ۋاقىتتا ئايال كىشىنىڭ ئىقتىسادى ياكى تۇرمۇش مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرەر تەرەپنى ئەر كىشىدىن ئۆتىۋەتسە، ئەر-ئايالنىڭ ھېچقايسىغا گۇناھ بولمايدۇ. مەسىلەن: ئەرنىڭ ھەممىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان يەنە بىر خوتۇنى بولسا، ئۇ ئايالنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكى تۇگەپ كەتكەن بولسا، ئايال بىلەن سۆھبەتلىشىش ياكى ئۇنىڭ جەلپكارلىقى سەۋەبىدىن ئايال ئەر كىشى بېرىشكە تېگىشلىك بولغان خىراجەت پۇلىنىڭ بىرقىسمىنى ياكى ھەممىسىنى ئۇنىڭدىن ئۆتىۋېتىش ياكى ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىنى ۋە كېچىسىنى ئۇ ئايالغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ...قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلار. (قۇرئان سايىسىدا ناملىق تەپسىردىن)

ئىسلام ئائىلىنىڭ تىنچ - ئامانلىقى، خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن، ئۆيىنىڭ ھەممە كىشىلىرىگە مەسئۇلىيەتنى يۈكلىدى. مەسىلەن: ئەرگە ئۆيىنى، ئايالىنى ئىسلاھ قىلىش مەسئۇلىيتىنى، ئايالغا

ئۆيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئېرىنى ئىسلاھ قىلىش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلىدى. ھەر بىر كىشىنىڭ گەدىنىگە يۈكلەنگەن بۇ مەسئۇلىيەتلەر ئائىلىنىڭ تىنچ ئامانلىقىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ۋە مېھرى - مۇھەببىتىنىڭ پارچىلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىخەتەرلىك تاسمىسىغا ئايلاندى.

قۇرئاننى چۈشەندۈردىغان ۋە بايان قىلىدىغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى بۇ مەسئۇلىيەتتە باشقا قىسىملاردىنمۇ كۆپرەك رولىنى جارى قىلدۇردى.

مانا مۇشۇنداق ئەر-ئايالدىن يۈز ئۆرىگەن ۋە نەپرەتلەنگەن، قەلبى قېتىپ كەتكەن، ئايالدىن يىراقلىشىپ كەتكەن .. مۇشۇنداق ھالەتتە ئىسلام ئايال كىشىگە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئەرنى خۇشال-خۇرام تۇرمۇشقا، بەختلىك ئائىلىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چۈشۈشكە، كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە تۇرمۇشىغا قاراپ بەزىبىر خىلمۇ-خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلدى.

# ئەرنى زادى قانداق ئىسلاھ قىلىش كېرەك ؟!

1. ئەڭ چىرايلىق ئۇسلۇبتا سۆزلىشىش.

بۈگۈن ئائىلە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئەر- ئايال ئوتتۇرىسىدا چىرايلىق ئۇسلۇبتا سۆزلىشىش يوللىرىنىڭ بولماسلىقىدۇر. ۋەھالەنكى، بۈگۈن بۇ يول ئۈزۈلدى ياكى قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى ؛ ئەر- ئايال ئوتتۇرىسىدا چىرايلىق ئۇسلۇبتا سۆزلىشىش يولى بار دېيىلگەندىمۇ چەكلىك ۋە ساناقلىق ئەھۋاللاردا بولۇۋاتىدۇ .

ئايالنىڭ ئۆيىنى مۇھاپىزەت قىلىشى دېگەنلىك ئايالنىڭ سۆزلىشىش جەريانىدا قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى؛ بۇنى ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي ئىش دەپ بىلىشنى، جىدەللەشمەسلىكنى، قارشىلاشماسلىقنى كۆرسىتىدۇ؛ چۈنكى، بۇ ئىشلار ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنى تېخىمۇ چوڭايتىۋېتىدۇ. ھەقىقەتەن جېدەللىشىش ئائىلىنى ھالاك قىلىدىغان بىرخىل ھىسسى كېسەلدۇر؛ لېكىن ، ئۇنى داۋالاش ناھايىتى ئاسان بولۇشى مۇمكىن . (كىشىلەرنىڭ تولىسى بۇنىڭغا سەل قاراۋاتىدۇ.. نەتىجىدە ئائىلە ۋەيران بولۇۋاتىدۇ .)

2-ئېرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىش.

ئېرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىش-ئايالدىن ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشتۇر. بىراق، بۇ (ئەر- ئايال ئوتتۇرىسىدا چىرايلىق ئۇسلۇبتا سۆزلىشىش بولمىغان، جېدەللىشىش، قارشىلىشىش تۈگىمەيۋاتقان، نۇرغۇن ئائىلىلەر ۋەيران بولۇۋاتقان ..) ھالەتتە ئېرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىش - ئايالدىن ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىنمۇ بەكرەك تەلەپ قىلىنىدۇ؛ چۈنكى، ئايالنىڭ بۇنداق قىلىشى ئەرنى رازى قىلىشقا، ئېرىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشقا، ئەر- ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىشتە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئايالنىڭ ئەرگە ئىتائەت قىلىشىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئايەت ھەدىسلەر بەك كۆپ بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى ئەر كىشى بەخت -سائادەتلىك، خۇشال-خۇرام تۇرمۇشنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئايال ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك، بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرىنىڭمۇ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك . ئايال كىشىمۇ ئېرىگە بەخت - سائادەتلىك، خۇشال-خۇرام تۇرمۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى نامايان قىلىشى كېرەك .

پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن : "**مَنْ سعادةِ ابن آدمَ ثلاثةٌ ومنْ شِقوةِ ابْنِ آدمَ ثلاثةٌ؛ منْ سعادةِ ابنِ آدمَ المرأةُ الصالحةُ والمسكنُ الصالِحُ والمركبُ الصَّالح ومنْ شِقوة ابن آدم المرأةُ السوءُ والمسكنُ السوءُ والمركب السوءُ**"[45]. «ئادەم ئوغلىنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچ نەرسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئۇلار: سالىھ ئايال، ياخشى ئۆي، ياخشى قاتناش ۋاسىتىسىدىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك، ئادەم ئوغلىنىڭ بەختسىز بولۇشى ئۈچ نەرسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئۇلار: ئەسكى ئايال، ناچار ئۆي، ناچار قاتناش ۋاسىتىسىدىن ئىبارەتتۇر.»ئەھمەد نەقلى قىلغان.

ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ ئۆيدىكى ئەھمىيىتى ۋە بەختلىك تۇرمۇشنىڭ سەۋەبلىرىدىن ئىكەنلىكىگە نەزەر سېلىشى كېرەك . مانا بۇلار ئايال كىشىنىڭ ئېرى ۋە ئائىلىسىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ .

3-ئايالنىڭ دادىسىنىڭ ئارىلىشىشى.

ئەرنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن خىلمۇخىل ئوخشىمىغان شەكىلدىكى تەدبىرلەر كېرەككە كەلمىگەندە، ئەرگە تولىمۇ ئېغىر كېلىدىغان يەنە بىر

(45) . حديث شريف رواه أحمد عن سعد بن أبي وقاص.

قەدەمنى بېسىش كېرەك ؛ ئۇ بولسىمۇ ئايالنىڭ سالىھ بولغان دادىسىنىڭ بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىشىدۇر. بىز بۇيەردە «سالىھ» دېگەن سۆزنى تەكىتلەيمىز. چۈنكى، ئۇ سالىھ دادىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ ھېكمەت ۋە ئەقىل-پاراسىتى بىلەن قىزىنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ساقلاپ قالىدۇ ھەمدە قىزى بىلەن ئۇنىڭ ئېرى ئوتتۇرسىدىكى جىددىي كەيپىياتنى پەسەيتىشكە تىرىشىدۇ.

مانا بۇ فاتىمە بىلەن ئەلى (اللە ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن) ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردۇر.

فقد روى البخاري ومسلم عن سهل بن سعد قال جاء رسول الله صلى الله عليه وسلم بيتَ فاطمة فلم يجد علياً في البيت فقال : **أيَّن ابنُ عمِّكِ**؟ قالت كان بيني وبينه شيء فغاضبني فخرج فلم يَقِلْ عندي، فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم لإنسان انظر أين هو فجاء فقال يا رسول الله هو في المسجد راقدٌ، فجاء رسول الله صلى الله عليه وسلم وهو مضطجع قد سقط رداؤه عن شقه وأصابه ترابٌ فجعل رسول الله صلى الله عليه وسلم يمسحُه عنه ويقول: **"قُمْ أَبا تُرَابٍ قُمْ أبَا تُرَاب"**.

بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھلىبنى سەئىددىن نەقلى قىلىدۇكى، سەھلى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمەنىڭ ئۆيىگە كەلدى-دە ئۆيدە كۈيئوغلى ئەلىنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ قىزىغا تاغاڭنىڭ ئوغلى قەيەردە-دېدى .؟ فاتىمە ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك يۈزبەرگەن ئىدى؛ ماڭا غەزەپلىنىپ، گەپمۇ قىلماستىن چىقىپ كەتكەن دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىگە: قاراپ باققىن! ئۇ قەيەردىكىن؟دېدى . ئۇ كىشى قايتىپ كېلىپ ، ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ مەسچىتتە ئۇخلاپ قاپتۇ دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كەلگەندە، ئۇ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ تونى يەرگە چۈشۈپ توپا بولۇپ كەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كىيىملىرىدىكى توپىنى قېقىۋەتكەچ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى : « ئى ئەبۇ تۇراب! ئورنۇڭدىن تۇر! ئى ئەبۇ تۇراب! ئورنۇڭدىن تۇر! »

بۇنداق ۋاقىتتا، ئايال كىشىنىڭ دادىسى كەڭ قورساق، ئاڭلىق، ھوشيار ، تىلى ھەسەلدەك شېرىن ، خۇشچاقچاق ھالەتتە ئەردىن ئايالىغا بولغان غەزەپ-نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرەلەيدۇ.

4-سالىھ دوست-بۇرادەرلەرنىڭ ئارىلىشىشى.

سالىھ دوست-بۇرادەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەرنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئورنى بولغان، ئىلىملىك، ئامانەتدار بولغان

سالىھ دوست - بۇرادەرلەر ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، ئەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بۇلارنىڭ سۆزلىرى ئەرنىڭ قەلبىگە ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

فقد روى البخاري والترمذي أنَّ رسول الله صلى الله عليه وسلم آخى بين سلمان وبين أبي الدرداء فزار سلمان أبا الدرداء فرأى أم الدرداء متبذّلة ـ وذلك قبل نزول الحجاب ـ فقال ما شأنكِ مُتبذلةً ؟ قالت : إنَّ أخاك أبا الدرداء ليس له حاجة في الدنيا، فلما جاء أبو الدرداء ليقومَ قال له سلمان : نمْ فنام ثم ذهب يقوم فقال له: نمْ فنامَ فلما كان الصبح قال له سلمان: قمْ الآن فقاما فصليا فقال : **إنَّ لنفسك عليك حقاً ولربك عليك حقاً ولضيْفك عليك حقاً وإنَّ لأهلك عليك حقاً فأعطِ كلَّ ذي حقٍ حقَّه** فأتيا النبي صلى الله عليه وسلم فذكرا ذلك فقال له: «**صدق سلمان**.»

بۇخارى ۋە تىرمىزى نەقلى قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ دەردا بىلەن سەلماننىڭ ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ قويىدى. سەلمان ئەبۇ دەردانى يوقلاپ بېرىپ ، ئۇممۇ دەردانىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەي ساڭگىل-سىڭگىل كىيىنگىنىنى كۆرۈپ: سىزگە نېمە بولدى؟ ساڭگىل-سىڭگىل (ناھايىتى كونا

كىيىملەرنى) كىيمۋاپسىز؟ دېدى . ( مانا بۇ ئىشلار ھىجاب ئايىتى نازىل بولۇشتىن بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى) ئۇممۇ دەردا مۇنداق دېدى : قېرىندىشىڭنىڭ دۇنياغا ئېھتىياجى يوق دېدى . ئەبۇ دەردا قىيامدا تۇرغىلى كەلگەندە، سەلمان ئۇنىڭغا: يېتىپ ئۇخلا!-دېدى. ئۇ يېتىپ ئۇخلىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئەبۇ دەردا يەنە قىيامدا تۇرغىلى كەلگەندە، سەلمان ئۇنىڭغا: يېتىپ ئۇخلا!-دېدى. ئۇ يېتىپ ئۇخلىدى. سۈبھى ۋاقتى كىرگەن سەلمان ئۇنىڭغا: ئەمدى ئورنۇڭدىن تۇر! – دېدى. ئۇ ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى. سەلمان ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: سەندە ئۆزۈڭنىڭ، رەببىڭنىڭ، مېھمىنىڭنىڭ ھەمدە ئەھلى باللىرىڭنىڭ ھەققى بار. سەن ھەر بىرسىگە ئۆز ھەققىنى ئادا قىلىشىڭ كېرەك -دېدى. بۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ، بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەلمان راست سۆزلەپتۇ» - دېدى.

5-سالىھ ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئارىلىشىشى.

ئېھتىمال ، سالىھ ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئارىلىشىشى ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا جېدەل -ماجىرا يۈز بەرگەن دەسلەپكى باسقۇچتا قوللىنىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن :

قال تعالى: ﴿**وإنْ خِفتمْ شِقاقَ بَيْنِهما فابْعثُوا حَكماً منْ أهْله وحَكماً منْ أهلها إنْ يُريدا إصْلاحاً يُوفقِ اللهُ بينهما إنَّ اللهَ كانَ عليماً خبيراً**﴾[46].

« ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار، ئەگەر بۇ ئىككى كىشى بۇلارنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئاللاھ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»

يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن بىرگە، سالىھ ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئارىلىشىشى ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا جېدەل -ماجىرا يۈز بەرگەندە، ئەر ئاياللىق ھاياتىنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ھەمدە بۇ ئەر ئاياللىق ھاياتىدىن تۇمانلارنى يوقۇتۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئەر ئاياللىق ھاياتىدا پەيدا بولغان جاھىلىيەتنىڭ مەينەتچىلىكلىرىنى يوقۇتۇشتا قوللىنىلىدىغان ئەڭ مۇھىم، ئەڭ نەتىجىلىك، ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، بۇ ھەر ئىككى تەرەپكە ھوقۇق -مەجبۇرىيەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

---

([46]) النساء (35).

# ئايالنىڭ ئېرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەندە كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتلەر

ئايالنىڭ ئېرىنىڭ خاتالىقلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى تۈزىتىشكە ئۇرۇنماسلىقى ھەمدە بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان خاتالىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1-ئەرنىڭ ئايالدىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىش ۋە ئايالدىن نەپرەتلىنىشى، ئاخىردا ئايالدىن يۈز ئۆرۈشى.. قاتارلىق ئىشلارنى پەيدا قىلىدۇ .

2- ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا پاراكەندىچىلىك، بىر-بىرىنى چۈشەنمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ. (يەنى، روھى تالاق پەيدا بولىدۇ)

3- بىر-بىرىدىن نەپرەتلەنگەن ئاتا-ئانا ئوتتۇرىسىدا باللارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى كېلىپ چىقىدۇ.

4-ئاخىردا ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتى بۇزۇلىدۇ.

# ئائىلىدە ئىپپەتلىك، شەرمى-ھايا مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: « دىن دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارغا مۇنداق ئىككى قورال بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ.

بۇنىڭ بىرى: كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىنى بۇزىدىغان شەھۋەت قورالى.

يەنە بىرى: كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى بۇزىدىغان شەك-شۈبھىلەرنى تارقىتىش قورالىدىن ئىبارەت. [47]»

ئېھتىمال ، شەھۋەت قورالىنى ئىشلىتىش قىسقا ۋاقىتتا باشقا ھەرقانداق قورالدىنمۇ بەكراق ئۈنۈم بېرىشى مۇمكىن .

ھەقىقەتەن، ئۆتمۈشتە كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى بۇزىدىغان شەك-شۈبھىلەرنى تارقىتىش قورالىنىڭ ئۈنۈمى بەك كۈچلۈك بولغان ئىدى. ئىسلام دۈشمەنلىرى بەزىدە قۇرئاندىن شەكلەندۈرسە؛ يەنە بەزىدە ئىسلام ھۆكۈملىرىدىن شەكلەندۈرەتتى... ئۇلار تۈرلۈك ۋاسىتىلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا

---

([47]) . الفوائد.

ئەقلىنى بۇزىدىغان شەك - شۈبھىلەرنى تارقىتىش ئۈچۈن بىر قىسىم ياللانما كىشىلەرنى سېتىۋېلىپ ئىشلىتەتتى.

بىراق، بۈگۈن ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزىدىغان شەھۋەت قورالىنى قوللاندى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزىدىغان شەھۋەت قورالى ئۈچۈن بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىشتى. ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ رەزىل سۈيقەستىنى ئىشقا ئاشۇرىشىغا بىر قىسىم غاپىل مۇسۇلمانلار ياردەملىشىپ، مۇسۇلمانلارنى شەھۋەتلەر قاينىمىغا غەرق قىلىشتى.

ھەقىقەتەن، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپىتى شۇكى، بۇ جەمئىيەت ھەرگىزمۇ شەھۋەت دېڭىزىغا غەرق بولمايدۇ. بەلكى، بۇ شەھۋەتلەر ئۈچۈنمۇ دىنىنىڭ بەلگىلىگەن پىرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىپ، قۇرئان، ھەدىس، اللەنىڭ بۇيرۇق پەرمانلىرى، چەكلىمىلىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلغان ئاساستا ئىش ئېلىپ بېرىپ ، ئىسلام بەلگىلىگەن يولدا ماڭىدۇ، ھەرگىز ئېغىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئېزىپ كەتكەن تەقدىردە، دەرھال بۇرۇنقى ئەسلىگە قايتىۋالىدۇ.

پۈتكۈل جەمئىيەتنى شەھۋەت قاينىمىغا غەرق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنغان كىشىلەر بۇ جەمئىيەتنى تۈپتۈز توغرا يولىدىن ئازدۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن ئەدەپ-ئەخلاق، شەرمى-ھايا، پاكلىق ...

خىسلەتلىرىنى يوقۇتۇشنى خالايدىغان كىشىلەردۇر. چۈنكى، شەھۋەتلەرنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنى قاپلاپ كېتىشى ھەممىنى يوقۇتۇپ تاشلايدىغان، قورقۇنۇچلۇق سەل بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىدىغان ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ھەر-بىر خىشنى ۋەيران قىلىدۇ.

بىر قېتىم فەزلى ئىبنى ئابباس خاتالاشتى. ئۇ چىرايلىق بىر ئايالغا قاراشقا باشلىدى... بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يۈزىنى ئۇ ئايالدىن باشقا تەرەپكە بۇراپ قويدى.

**عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: كان الفضل بن عباس رَديف رسول الله صلى الله عليه وسلم فجاءت امرأةٌ من خَثْعم، فجعل الفضلُ ينظر إليها وتنظر إليه، وجعل النبي صلى الله عليه وسلم يصرف وجه الفضلِ إلى الشق الآخر. فقالت يا رسول الله إنَّ فريضة الله على عباده في الحج، أدركت أبي شيخاً كبيراً لا يثبت على الراحلة أفأحج عنه قال نعم وذلك في حجة الوداع**[48].

(48) متفق عليه.

ئىبنى ئاBباستىن نەقلى قىلىنىشىچە، فەزلى ئىبنى ئاBباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىنىڭ كەينىگە ئۇنىڭ بىلەن مىنىۋالدى. خەتئەم قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئايال كەلدى. فەزلى ئىبنى ئاBباس ئۇ ئايالغا قاراشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يۈزىنى ئۇ ئايالدىن باشقا تەرەپكە بۇراپ قويدى. ئۇ ئايال: ئى اللەنىڭ رەسۇلى! اللە بەندىلەرگە ھەجنى پەرز قىلدى؛ دادام بەك قېرىپ كەتتى. ئۇ ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرالمايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىدا ھەج قىلىپ قويسام بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « شۇنداق قىلسىڭىز بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ۋىدالىشىش ھەججىدە بولغان ئىدى.»

بىز مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىسلامىي ئائىلە توغرىسىدا سۆزلىمەكچى بولساق، مۇسۇلمانىنىڭ ئائىلىسىدە شەھۋەتلەرنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرى بولۇپ، ئۇ قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلىدىغان .. قارىغۇلارچە ئېلىپ بېرىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىمىز مۇسۇلمانلارغا بۇ ئىشلاردا قائىدە پرىنسىپلارنى بېكىتكەن بولۇپ، بۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇ قائىدە-پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلمىغاندا، بۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

# ئىسلامنىڭ ئائىلىلەر مۇھىتى ھەققىدە بېكىتكەن قائىدە- پىرىنسىپلىرى

ئۇلار تۆۋەندىكىچە:
1-ئاتا-ئانىلار باللارغا خاس ھۇجرىلىرىدىكى ۋاقىتىدا ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرگەندە رۇخسەت سوراپ كىرىشنى ئۆگىتىشى كېرەك .

قال تعالى: ﴿**يا أيَّها الذينَ آمنوا لِيَستأذِنَكمُ الَّذينَ ملكتْ أيمانُكم والَّذين لمْ يَبْلُغوا الحُلُم منْكم ثَلاثَ مراتٍ منْ قَبلِ صلاةِ الفجرِ وحينَ تَضَعُونَ ثيابَكمْ مِنَ الظَّهيرةِ ومِنْ بَعْدِ صلاةِ العِشاء**﴾ (49).

« ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن باللار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرىتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار سىلەرگە كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ

(49) . النور.

بولمايدۇ، سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»

بىز نېمە ئۈچۈن الله قۇرئاندا بۇ ئىشلارنى سۆزلەيدىغاندۇ-دەپ ئۆزىمىزگە سوئال قىلىمىز؟

مانا بۇلار ئىسلامنىڭ ئائىلە مۇھىتى ھەققىدىكى قائىدە – پىرىنسىپلىرىدۇر. چۈنكى، بۇ ۋاقىتلار ئارام ئالىدىغان ۋاقىتلار بولۇپ، ئاتا-ئانىلار ئوغۇل ياكى قىزنىڭ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قىلىشىنى خالىمايدىغان جايلارنى كۆرۈپ قىلىشىدىن قورقىدۇ. مانا بۇ ئەدەپ -ئەخلاق بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئائىلە ھاياتىدا بۇنىڭدىن بىخەۋەردۇر. ئۇلار بۇ ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ بالىلارنىڭ روھى، نېرۋا ، ئەخلاقى تەرەپلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرىگە سەل قارايدۇ. ئۇلار شۇنداق ئويلايدۇكى، بۇلار تېخى كىچىك. ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ؛ بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلمايدۇ-دەپ ئويلايدۇ...

بىراق، پىسخولوگىيە ئالىملىرى مۇنداق دەۋاتىدۇ: بالىلار كىچىكىدە كۆرۈپ قالغان بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەر ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزىدە بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇلارنى داۋالىماق قىيىن بولغان روھى كېسەللىكلەر، نېرۋا

كېسەللىكلىرى... قاتارلىق داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلماقتا. [50].

2-بالىلارنىڭ ياتىقىنى ئايرىۋېتىش .

" **قَالَ رَسُولُ اللَّهِ –صلى الله عليه وسلم– « مُرُوا أَوْلاَدَكُمْ بِالصَّلاَةِ وَهُمْ أَبْنَاءُ سَبْعِ سِنِينَ وَاضْرِبُوهُمْ عَلَيْهَا وَهُمْ أَبْنَاءُ عَشْرِ سِنِينَ وَفَرِّقُوا بَيْنَهُمْ فِى الْمَضَاجِعِ ». أخرجه أحمد وأبو داود وصححه الألباني** . " [51]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار! ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇمىسا ئۇرۇڭلار!ئۇلارنىڭ ياتىقىنى ئايرىۋېتىڭلار!»

چۈنكى، بالىلارنىڭ جىنسىي يېتىلىش مۇشۇ ياشتىن باشلىنىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇلارنىڭ جىنسىي تەرەپلىرىنىڭ توغرا شەكىلدە يېتىلىشى ئۈچۈن چەك-چېگرا سىزىقى بېكىتىپ بېرىشىمىز كېرەك . چۈنكى، بالىلار بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدىكى بۇ كۈنلەردە چۈشىدە ئاززۇ ھەۋەسلەرگە ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇنلا بۇزۇلۇپ كېتىش يوللىرىنى ئېتىۋېتىش كېرەك . [52].

---

([50]) . أحمد فائز دستور الأسرة.

([51]) أبو داود.

([52]) منهج التربية النبوية للطفل سويد.

3-بالىلارغا ئوڭ تەربىيىنى بېسىپ يېتىشنى. دۇم ياتماسلىقنى ئۆگۈتۈش كېرەك .

چۈنكى، دۇم يېتىش (قورسىقىنى يەرگە چاپلاپ يېتىش) بالىلارنىڭ جىنسىي خاھىشىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

مانا، بۇ ۋە ئۇندىن باشقا ئىسلام بۇ ھەقتە بېكىتكەن قائىدە – پىرىنسىپلار ... ئىسلامىي ئائىلىدە شەھۋەتلەرنى پەسەيتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئىسلامىي ئائىلە بەختلىك ياشاپ، توغرا مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىپ، توغرا يولىيورۇقلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئاتا-ئانىلار بۇ ماۋزۇغا (يەنى، بالىلارنىڭ جىنسىي ئۆسۈپ يېتىلىشىگە) دىققەت قىلمايدۇ. ئۇلار بۇ تېمىنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتىدۇ؛ ئۇلار بۇنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەيۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ تېما ھەققىدە سۆزلەشتىن خىجىل بولۇۋاتىدۇ . تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئاتا-ئانىلار ئەۋلادلىرىنى شەھۋەتلەر قاينىمىغا كىرىشكە رىغبەتلەندۈرىۋاتىدۇ ھەمدە ئۇنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا قائىدە-نىزام تۈرغۇزمايۋاتىدۇ.

2000-يىلى «بالام» ژۇرنىلىنىڭ ئېنىقلاپ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 98% بالىلار «فىدىيو

كېلىپ»[53] كە پۈتكۈل ئىشتىياقى بىلەن سەۋدايىلارچە ئەگىشىدىكەن!

ئېھتىمال ، بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرى بىلەن بىرگە كىشىنىڭ شەھۋەتلىرىنى قوزغايدىغان كىنو-فىلىم، ناخشا-مۇزىكا، تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى، ھەرخىل مۇراسىملارنى ... كۆرۈشى مۇمكىن . ئۇنداقتا، شۇ دادا ئوغلىنى شەھۋەتلەرگە قىزىقتۇراۋاتقاندا قانداقراق ھېسسىياتتا بولغاندۇ؟ شۇنداقلا ئانا قىزىنى مۇشۇنداق شەھۋەتلەرگە قىزىقتۇرىۋاتقاندا قانداقراق ھېسسىياتتا بولغاندۇ؟ ... بۇ ئانا قىزىنىڭ ئەڭ يېقىن كۆيۈنگۈچىسى ئىدىغۇ؟!

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق شەخسنىڭ ئائىلىسى ۋە بالىلىرى بىلەن يۈزى قىزارماستىن، خىجىل بولماستىن بىرگە ئولتۇرۇپ، شەھۋانىي سۈرەتلىك ناخشا-مۇزىكا ۋە ھەرقانداق سەنئەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈشى قىيىنغا توختايدۇ...

ھەقىقەتەن، بۇ خاتا تەربىيە بۇزۇلغان شاللاق يىگىت-قىزلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇلار ئۆزىدىكى قائىدە-پىرىنسىپلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، خالىغان ۋاقىتتا، خالىغانچە ئىش قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

---

[53] «فىدىيو كېلىپ، VİDEO CLİP»- بىر ئىجتىمائى ئالاقە تىلىۋىزىيە تورى بولۇپ، ياۋرۇپا ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ يالىڭاچ رەسىم، قىسقا شەھۋانىي ناخشا مۇزىكا، شەھۋانىي فىلىملەرنى تارقىتىدىغان بىر تور بىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئاساسلىقى 3-ياشتىن 18ياشقىچە بولغان بالىلاردۇر...

«ھەقىقەتەن، ئاتىلارنىڭ بىرى شەھۋانىي تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىنى بۇنى پەقەتلا دادىسىنىڭ كۆرۈش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى داۋا قىلىپ، ئوغلىنى ئۇنى كۆرۈشىنى چەكلەيدۇ... شۇنىڭ بىلەن ئوغلى ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈنلىكىنى سورايدۇ: دادا ئوغلىغا: باللار بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرسە بولمايدۇ؛ بۇنداق نەرسىلەرنى پەقەتلا چوڭلار كۆرىدۇ .. -دەپ جاۋاب بېرىدۇ. [54] »

بۇ زادى قانداق ئۆلچەملەر بولدى ئەمدى؟!

بۇنداق شەھۋانىي كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈش كىچىكلەرگە ھارام؛ ئەجەبا ، چوڭلارغا ھالال بولامدۇ؟ چوڭلار بۇنى خالىغانچە كۆرسە بولامدۇ؟!

بىزنىڭ اللەدىن قورقۇشىمىز لايىق ئەمەسمىدى؟! نېمىشقا بىز الله ھارام قىلغان شەھۋانىي نەرسىلەرنى كۆرىمىز؟! نېمىشقا بىز الله ھارام قىلغان شەھۋانىي نەرسىلەرنى كۆرۈشتىن ئۆزىمىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى چەكلەپ، ئۇلارغا ئۈلگە بولمايمىز؟! ئىككى ھەسسە ئەجىرگە ئېرىشەتتىنۇق ئەمەسمۇ؟!

ئەجەبا ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ گۇناھلاردىن پاكلىقىنى؛ بىزلەر بولساق، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى مەخپىي

---

[54]. (حول التربية والتعليم لـ عبد الكريم بكار).

قىلىۋاتقانلىقىمىزغا نەزەر سالغىنىمىزدا خىجىل بولۇشىمىز كېرەك ئەمەسمىدى؟!

ئەگەر بىز ئەۋلادلىرىمىزنى شەھۋەتلەر قوينىغا غەرق بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالماقچى بولساق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت سائادەتكە ئېرىشمەكچى بولساق، ئائىلىمىزنى شەرىئەت تارازىسىدا ئۆلچىمەكچى ھەمدە ئائىلىمىزدە اللە بۇيرۇغان ئېيپەت ۋە شەرمى-ھايانى تارقاتماقچى بولساق، بىز چوقۇم ئائىلىمىزدە شەھۋانىيلىققا قىزىقتۇرىدىغان ئامىللارنى ئىمكانقەدەر ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشىمىز كېرەك !

ئائىلىمىزدە شەھۋانىيلىققا قىزىقتۇرىدىغان ئامىللارنى ئىمكانقەدەر ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشىمىزنىڭ پايدىلىرى

ئۇنىڭ پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1-روھى چۈشكۈنلۈكنى يەڭگىللىتىدۇ.

2-بۇزۇق-پاھىشە ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

3-ئائىلىدىكى بىرلىك-ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋەتلىرى كۈچىيىدۇ.

## ئائىلىدە

## ئائىلە ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىش مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش

مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىنىڭ بىرى جەمئىيەتكە ئالاقىدار بولغان ھەمدە جەمئىيەتنىڭ يۈنىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ-كىچىك ئىشلاردا ئۆز-ئارا مەسلىھەتلىشىپ قارار چىقىرىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇنى «شۇرا » دەپ ئاتىدى: قال تعالى: ﴿وشاوِرْهم في الأمْر﴾[55] «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۇچۇن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»

(55) . [آل عمران: 159]

وقال: ﴿وأَمْرُهم شُورى بَيْنهم﴾ (56) «(دۇنيانىڭ نىمەتلىرىدىن) سىلەرگە بېرىلگەن ھەر قانداق نەرسە دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر، ئىمان ئېيتقان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرگە، گۇناھى كەبىرلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىدۇر»

مانا بۇ تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ سۈپىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمئىيەتكە ئالاقىدار بولغان ھەرقانداق ئىشتا ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. مىسال قىلىپ ئېيتساق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىر ئۇرۇشىدا دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدە ئۇلار

(56) . [ الشورى: 38]

بىلەن كېڭەشكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد ئۇرۇشىدىمۇ ئۇلار بىلەن كېڭەشكەن ئىدى.

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئائىشە ئانىمىزغا بوھتان چاپلاش ۋەقەسى» دىمۇ ساھابىلەر بىلەن كېڭەشكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا، مۇنبەرگە چىقىپ مۇنداق دېگەن : «مېنىڭ ئەھلى-ئاياللىرىم ھەققىدە رەزىل گەپلەرنى قىلىپ مېنى رەنجىتكەن كىشى بار؛ ئۇلارغا قارشى كىم ماڭا ياردەم قىلىدۇ.»

تىرمىزىدا مۇنداق بىر ھەدىس كەلگەن:

جاء في الترمذي: "**ما رأيتُ أحداً أشدَّ مشورةً لأصحابه من محمد**"«مەن (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنمۇ) ھەمراھلىرى بىلەن كېڭىشىپ بىر ئىش قىلىدىغان بىر كىشىنى كۆرمىدىم.»

ساھابىلەر بۇ كېڭىشىش ئىشلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىجرا قىلغان ئىدى.

لقد أنقذتْ امرأةٌ واحدة المسلمين في لحظة كان الصحابة متجهين فيها نحو الكعبة المشرفة فمنعتهم قريش ووقع النبي صلح الحديبية. أمرهم النبي صلى الله عليه وسلم أنْ يتحللوا فلم يتحرك واحد منهم لتنفيذ هذا الأمر، فدخل النبي على أم

سلمة فقال لها: "**هَلَكَ النَّاسُ**"، فأشارت عليه أنْ اخرج ولا تكلم أحداً ثم ادْعُ حلاقك ففعل عليه الصلاة والسلام ذلك فبادر الصحابة إلى تنفيذ أوامره والاقتداء به عليه السلام[57].

بىر ئايال مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇپ قالدى... ساھابىلەر ھەج قىلغىلى كەئبىگە ماڭغاندا مۇشرىكلار ئۇلارنى كەئبىگە كىرىشىنى چەكلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى ئىمزالىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرۇدى. بىراق، ئۇلاردىن ھېچكىم بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مىدىرلاپمۇ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلىمەنىڭ يېنىغا كىرىپ: ئۇنىڭغا: «كىشىلەر ھالاك بولىدىغان بولدى..» - دېدى. ئۇممۇ سەلىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق مەسلىھەت بەردى: سىز چىقىپ، ھېچكىمگە گەپ قىلماي، ساتراچنى چاقىرىپ، چېچىڭىزنى قىسقارتىڭ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ساھابىلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ھەقىقەتەن، مانا بۇ جانلىق نەمۇنىلەر بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت ئائىلە ئىشلىرىدىلا ئەمەس،

---

([57]) الرحيق المختوم (المباركفوري).

بەلكى، ئۇممەتنىڭ ئىشلىرىدىمۇ ئاياللىرىغا قانداق مەسلىھەت سالىدىغانلىقىنى تەلىم بىرىدۇ.

ئائىلە ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىش مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئائىلىنى ھەقكە يېقىنلاشتۇرۇپ، خاتالىقلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

ھەسەن ئىبنى ئەلى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىر قەۋم ئۆز-ئارا مەسلىھەتلىشىپ، كېڭىشىپ ئىش قىلىدىغانلا بولسا، ئۇلار چوقۇم ئىشلىرىدا ئەڭ توغرا يولنى تاپقان بولىدۇ.

بىز ئىلگىرى « ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرتلەر» دېگەن تېمىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەڭ مۇھىم بولغىنى ھەقنىڭ مېنىڭ تىلىمدا سۆزلەنگىنى ئەمەس؛ بەلكى، مۇھىمى مېنىڭ ئۇ ھەقكە ئەگىشىشىمدۇر. گەرچە ئۇ ھەق مەيلى مېنىڭ ئەھلى-ئاياللىرىم تەرىپىدىن سۆزلەنگەن بولسۇن ياكى ئۇنىدىن باشقا ھەرقانداق كىشى تەرىپىدىن سۆزلەنسۇن... ھەقكە ئەگەشكىنىم ئەڭ مۇھىمدۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام شافىي مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كىشىگە نەزەر سالغىنىمدا، اللەنىڭ ھەقنى ئۇنىڭ تىلى بىلەن جارى قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

ھەقىقەتەن، نۇرغۇن ئاتا- ئانىلار ئائىلىسىگە ئالاقىدار بولغان بۇ تېما (ئائىلە ئەزالىرى بىلەن

مەسلىھەتلىشىپ، ئىش قىلىش مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش) ھەققىدە ئىسلامىي بولمىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلماقتا. سەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بۇ ئەمىر (ئائىلە ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىش مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش) نى بىلمەي تۇرۇپ، ئائىلىگە ئالاقىدار نۇرغۇنلىغان قارارلارنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلار بەزىدە ئۆيىنى ساتىدۇ ياكى دۇكانلىرىنى ساتىدۇ ياكى قىزىنى ئۆيلەپ قويىدۇ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا شەرىئەتنىڭ بۇ كۆرسەتمىسىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر بۇ ئىشلاردا مەسلىھەتلىشىپ باقمىغانلىقى ياكى بۇ ھەقتە تەكشۈرۈپ باقمىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئالاقە ئىشلىرىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

ئىلمى تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەرەب دۇنياسىدىكى بالاغەتكە يەتكەن ياشلاردىن 80%تىن كۆپرەك ياشلارنىڭ مەسىلىلىرى بولسا، ئىش ئىگىلىرى بولغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پىكىرلىرى، ئادەتلىرى، جەمئىيەت ئادەتلىرىگە خالىغانچە ئىش قىلىدىغان ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش سىياسىتىدىن پەيدا بولغان. شۇڭا، بۇ ئەۋلادلار ئائىلىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىش، مۇنازىرىلىشىشتىن باش تارتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار شۇنداق ئېتىقاد قىلىدۇكى، ئاتا-ئانىلار ياكى ئۇلارنىڭ يولۇققان مەسىلىلىرىنى بىلىشكە كۆڭۈل بۆلمىگەن

ياكى بولمىسا ئاتا-ئانىلار ئۇلار يولۇققان مەسىلىلەرنى چۈشىنىشكە ياكى ھەل قىلىشقا قادىر بولالمىغان.[58]

ھەقىقەتەن، دادىنىڭ دىكتاتور تۈزۈمى ئەخلاقسىز، شاللاق يىگىت-قىزلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەخلاقسىز، شاللاق يىگىت-قىزلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى بولسا بۇنداق دىكتاتور دىن قۇتۇلۇشتۇر. بىز مىسال قىلىپ ئېيتساق شۇنى كۆرىمىزكى، بىر يىگىت قىزنىڭ قېشىغا كەلسە، قىز بۇ يىگىتنى قوبۇل قىلىدۇ. گەرچە يىگىت بۇنىڭغا مۇناسىپ بولمىسىمۇ، ئەلۋەتتە قىز دادىسىنىڭ دىكتاتۇرسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇنى قوبۇل قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن، ئائىلە كېڭىشى ئۆتكۈزگەنلىك سەۋەبىدىن ئەرنىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ قالمايدۇ؛ ئەكسىچە بۇ كېڭەش بالىلارنىڭ نەزىرىدە ئەرنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرىدۇ؛ مۇھەببىتىنى، ھەيبىتىنى ئاشۇرىدۇ؛ ئۆزلىرىنى توغرا يولغا يېتەكلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

(58) موقع صيد الفوائد، المراهقة: خصائص المرحلة ومشكلاتها.

# ئائىلە كېڭىشى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان نەتىجىلەر

بىزنىڭ بۇ ئائىلە كېڭەش يىغىنىدىن ئالىدىغان پايدىلىرىمىز ناھايىتى كۆپ ۋە تۈرلۈك بولۇپ، بىز ئۇلارنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلايمىز:

1-اللەنىڭ ھايات ئىشلىرى ھەققىدىكى قائىدە-پرىنسىپلىرىغا چىڭ ئېسىلىشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

2-باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش ۋە ئۇلارنى قايىل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

سىز شۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇشىڭىز كېرەككى، سىزنىڭ بالىڭىز بىلەن ئەركىن مۇنازىرە قىلىشىڭىز بالىڭىزغا سۆزلىگەندە ئەركىن - ئازادە سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆگىتىدۇ ھەمدە بالىڭىزنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ ۋە يەنە بالىڭىزنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، بالىڭىزنى سىزگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ.[59]

---

([59]) . د. حسان، كيف تربي أبناءك.

نۇرغۇنلىغان بالىلار ۋە ئاياللار يىغىن ئاچقاندا ئۆز پىكىرلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشقا قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى، بۇلار ئۆيلىرىدە بۇنداق ئائىلە يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئازادە پىكىر قىلىپ ئادەتلەنمىگەن. يەنە نۇرغۇنلىغان بالىلار ۋە ئاياللار باشقىلارنى قايىل قىلالمايدۇ. چۈنكى، بۇلار ئۆيلىرىدە بۇنداق ئائىلە يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئازادە پىكىر قىلىپ باشقىلارنى قايىل قىلىپ ئادەتلەنمىگەن...

مانا بۇنداق ئەرنىڭ ئائىلىدىكى دىكتاتۇرلۇقى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، كېلەچىكى، ئۇلارنىڭ ھاياتتىكى بىرلىشىشى.. قاتارلىقلارغا ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر.

3-بالىلارنىڭ تالانتىنى ئاشۇرۇش.

تەپەككۇر قىلىش ئەمەلىيىتى ئىنتايىن قىيىن بىر ئىشتۇر...

4-خاتالىشىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئەگەر ئائىلىدە بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، مەسلىھەتلىشىپ قىلغاندىن كېيىن خاتالىق يۈز بەرسە، بۇ خاتالىقنى ئائىلىدىكى ھەممىسى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدۇ. ھېچكىم - بىرسىنى ئەيىبلىمەيدۇ.

## ئائىلىدە مېھرى -شەپقەتلىك، مۇلايىم بولۇش مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش.

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمىزدە ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى ۋە ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرىنى كۆرگىنىمىزدە، بىز بۇ ئائىلىنىڭ ھاياتىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ھەمدە ئائىلىنىڭ ئاساسلىق يادروسىنىڭ مېھرى -شەپقەتلىك، مۇلايىم بولۇش مەدەنىيىتى ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز... مېھرى -شەپقەتلىك، مۇلايىم بولۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كەلتۈرىمىز:

**(إنَّ اللهَ رفيقٌ يحبُ الرِّفقَ ويُعطي على الرفْقِ ما لا يعطي على العُنْف)** [60].

«اللە مېھرى -شەپقەتلىك، مۇلايىم كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. اللە مېھرى -شەپقەت قىلىدىغان مۇلايىم كىشىگە قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىگە بەرمىگەن نېئمەتلەرنى بېرىدۇ.»

(60) . مسلم عن عائشة رضي الله عنها.

**(إنَّ الرفقَ لا يكونُ في شيءٍ إلاَّ زانَه ولا يُنْزَعُ منْ شيءٍ إلاَّ شانَه)** [61]. «ھەقىقەتەن، قانداق نەرسىدە مۇلايىملىق بولىدىكەن، بۇ ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىۋېتىدۇ. قانداق نەرسىدىن مۇلايىملىق تارتىپ ئېلىنىدىكەن، بۇ ئۇنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرىۋېتىدۇ.»

**قال البخاري: (الرفق هو لينِ الجانب بالقول والفعل)** بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: «مۇلايىملىق دېگەن سۆز، ھەرىكەتتە مېھرىبان ، كۆيۈمچان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.» مۇلايىملىق دېگەن قوپاللىقنىڭ دەل ئەكسىدۇر.

مۇھىم مۇلاھىزىلەر:

شۇنى مۇلاھىزە قىلىشىمىز كېرەككى، مۇلايىملىق توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئائىشە ئانىمىز نەقلى قىلغان. مانا بۇلار ئائىلىمىزدىكى بارلىق كىشىلەر: يەنى، ئەر، ئايال، باللار ئارىسىدا مۇلايىملىق، كۆيۈمچانلىق، مېھرى -شەپقەتلىك بولۇش مەدەنىيىتى ئومۇملاشتۇرۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھەقىقەتەن، ئائىلىدە مۇلايىم، مېھرىبان بولۇش ئەر كىشىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلاشتۇرىۋەتمەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرىۋەتمەيدۇ. بەلكى،

---

([61]) . مسلم عن عائشة رضي الله عنها.

ئەكسىچە ، ئەرنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىناۋىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈردۇ.

لېكىن ، نۇرغۇن ئەرلەر مۇلايىم بولۇش دېگەننى خاتا چۈشۈنىۋالىدۇ. ئۇلار ئەر-ئاياللىق ھاياتىدىكى مۇلايىملىق دېگەن ئايال كىشىگە باش ئېگىش، مەغلۇپ بولۇش، خارلىق، خوتۇن كىشىنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ ئىشنى مۇستەقىل قىلالماسلىق ... دەپ ئويلايدۇ.

سەن بەزى ئەرلەرنى ئۆي سىرتىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ، ھەمسۆھبەتتە بولغانلىقىنى، ناھايىتى خۇشچاقچاقچى، تەبەسسۇم قىلىپلا يۈرىدىغانلىقىنى، ناھايىتى ئاكتىپ، جانلىق... ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن؛ ئەمما، ئۆيگە كىرگەندە بولسا، ئاز گەپ قىلىدىغان، چىرايىنى تۈرۈپ، چىرايىدىن مۇز تۆكۈلىدىغان، خۇش-تەبەسسۇمنىڭ تەسىرىمۇ يوق؛ ھەرىكىتى ئېغىر ، جانسىز... ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن.

«مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىنىڭ بىرى بولسا، بۇ جەمئىيەت يولۇققان مۇشكىلاتلىرىنى ئۆز-ئارا چۈشىنىش يولى ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ.» (62)

---

(62) . عبد الكريم بكار، العيش في الزمن الصعب.

مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىنىڭ بىرى بولسا، بۇ جەمئىيەت يولۇققان مۇشكىلاتلىرىنى ئۆز-ئارا چۈشىنىش يولى ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ... مانا بۇ سۈپەت ھەرقانداق ئەھۋالدا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىن يوقاپ كەتمەسلىكى كېرەك ؛ شۇنىڭدەك، بۇ سۈپەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىسىدىن يوقاپ كەتمەسلىكى كېرەك . چۈنكى، ئىسلامىي ئائىلە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ تۈنجى خىشىدىن ئىبارەت.

بىراق، نۇرغۇن ئەرلەر ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان مۇشكىلاتلىرىنى قوپاللىق يولى ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ. لېكىن ، ئىسلام مۇلايىم، مېھرىبان بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئادەتتىكى ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئاياللارنى ئۇرۇشنى، ئۇلارغا قاتتىق-قوپال مۇئامىلە قىلىشنى چەكلەيدۇ. ئىسلام : ئەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ پەسكەش كىشىلەرنىڭ ئۆز ئاياللىرىنى ئۇرىدىغانلىقىنى[63] ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

"**لقدْ طافَ بآل محمَّدٍ نساءٌ كثير يَشْتكيْنَ أزواجَهن (أي من الضرب) ليس أولئك بخيارِكم**" (64).

---

[63] بىر قىسىم گەپ ئاڭلىمايدىغان ئاياللارنى ئىسلام ئۇرۇشقىمۇ روخسەت قىلدى. بىراق ئۇرۇشتىن بۇرۇنمۇ قىلىدىغان نۇرغۇن قەدەم-باسقۇچلار بار. بارلىق ۋاستىلارنى قوللىنىپ، يەنىلا گەپ ئاڭلىمىغاندا ئەڭ ئاخىردا قوللىنىشقا روخسەت قىلدى.

(64) . رواه أبو داود.

ئىياس دۇۋەسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بۇگۈن كېچە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەنى مېنىڭ ئەھلى ئاياللىرىمنى نۇرغۇن ئاياللار زىيارەت قىلىپ كەپتۇ، ھەممىسى ئېرىدىن تاياق يېگەنلىكىدىن شىكايەت، ئەرز قىلىپ كەپتۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئاشۇ ئاياللىرىنى ئۇرغان كىشىلەرنى ياخشىلار قاتارىدىن تاپالمايسىلەر، يەنى ئۇلار ياخشى ئەمەس، ئەڭ ياخشىلار ئاياللىرىغا ياخشى بولغىنىڭلاردۇر. (ئەبۇ داۋۇد،نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.)

نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ئائىلىدە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان يوچۇقلارنى ئېتىشكە، ئۇلارنى مۇسكۇل كۈچىنى ئىشلىتىش (يەنى، ئۇرۇش) ئارقىلىق بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ بىرىدىكى تەكشۈرۈش تەتقىقاتىدىن ئايان بولۇشچە 88% ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئۇرۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرايدىكەن. [65]

---

([65]) عبد الحميد الأنصاري مجلة العربي العدد رقم 548 العنف ضد المرأة.

ئەرلەرنى مۇسكۇل كۈچىنى ئىشلىتىشكە (يەنى، ئۇرۇشقا) ئىلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر نۇرغۇن بولۇپ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى سەۋەب: بىر قىسىم ئەرلەرنىڭ نەزىرىدە، ئاياللارنىڭ خاراكتىرى ساغلام ئەمەس چۈنكى، ئاياللارنىڭ ئەقلى كەمتۈك (چىچى ئۇزۇن؛ ئەقلى قىسقا) ياكى خىزمەتتە روھى بىسىم بار... شۇڭا، ئەر كىشى ئايالنى ئۇرۇشتا رىقابەتلىشىدۇ.... دەپ كاكىرايدۇ بىر قىسىم كىشىلەر.

ئىككىنچى سەۋەب : بەزىلەر شۇنداق دەيدۇكى، ئەر كىشى دىگەن كۈچلۈك ئىرادىلىكتۇر. شۇڭا، ئەرلەرنىڭ نەزىرىدە ئاياللار كەڭ قورساق، ياخشى ئەرنى ئەمەس؛ بەلكى، ئۇرىدىغان ئەرنى ھۆرمەتلەيدۇ. [66].

ھەقىقەتەن، ئاياللىرى ۋە بالىلىرىنى بىر ئىشتىن ئەزالىرى (يەنى، ئۇرۇش) ئارقىلىق چەكلەيدىغان كىشى ئاجىز ئىنسان بولۇپ، ئۇ ھاياتىنى قايتىدىن رەتكە سىلىشى ھەمدە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باشقا بىر يولنى ئىزدىشى كىرەك .

شۇنى بىلىشىمىز كىرەككى، يىتەكچى دىگەن كىشىلەرگە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ياكى تىللاش

---

([66]) . المرجع السابق.

ياكى قوپاللىق قىلىش ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلمايدۇ؛ بەلكى، يېتەكچى دېگەن ئەخلاقلىق بولىدۇ.

بىر كىشى كىشىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى بىلسە، ئۇ كىشى ھەرگىزمۇ كىشىلەرگە ئۇزاق يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ. [67].

ئەگەر سەن ئائىلىڭدىن ياكى ئەۋلادلىرىڭدىن بىر نەرسىنى كۈتسەڭ، بۇنىڭ ئەڭ توغرا يولى شۇكى، سەن ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك .

تەجرىبە سىناقلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان ئائىلىلەردىكى كىشىلەر ناھايىتى ئىناق-ئىتتىپاق بولىدۇ. بۈگۈن يولۇققان مەسىلىلىرىنى زورلۇق كۈچى بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئائىلىلارنى تالاق قىلىش نىسبىتى كۈندىن-كۈنگە ئاشماقتا...

(67) . صناعة القائد سويدان.

# ئائىلىدە مۇلايىم بولۇشنىڭ پايدىلىرى

ئائىلىدە مېھرى - شەپقەتلىك، مۇلايىم بولۇش مەدەنىيەتتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشتۇر. چۈنكى، بۇنىڭ نۇرغۇن پايدىلىرى بار:

1-سەن ئايالىڭدىن ياكى ئەۋلادلىرىڭدىن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرگە پەقەت مۇلايىم بولۇش ئارقىلىق ئېرىشەلەيسەن.

2-بۇنى ساڭا سەۋرچانلىق ئۆگىتىدۇ؛ چۈنكى، الله ئاياللار تەرەپتىن كەلگەن ئەرزىيەتلەرگە سەبىر قىلىشقا ۋە چىدامچان بولۇشقا بۇيرۇدى.

3-ئائىلىدىكى كىشىلەر ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ھەمدە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك . چۈنكى، ھەرقانداق قەلبتە باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ھېسسىيات بار.

سەن مۇلايىم بولغان ۋاقتىڭدا ئەۋلادلىرىڭ بىر قىسىم كەمچىلىكلەر ئۆتكۈزۈپ قىلىشتىن قورقمايدۇ. ئۇلار ئويلىغانلىرىنى، بىلگەنلىرىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. بۇلار ئاتا-ئانىلارنىڭ

بالىلىرىغا مۇلايىم مۇئامىلە قىلغانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

# ئائىلىدە ئۇچۇق - يورۇق بولۇش مەدەنىيىتىنى تارقىتىش

ئىسلامنىڭ باشقا ساماۋى قانۇنلاردىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ چوڭ مىزانى بولسا ھەرقانداق ئىشتا ئۇچۇق - يورۇق بولۇشتۇر. شۇڭا، ئىسلامدا مۇجمەل نەرسىلەر تېپىلمايدۇ؛ ئىسلامدا نىقابلانغان، پەردىلەنگەن مەلۇماتلار تېپىلمايدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق مۇجمەللىك باشقا مەجمۇئەلەردە رۇخسەت قىلىنغان. بىراق، ئىسلامدا مۇجمەللىك يوقتۇر. چۈنكى، ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم ئايرىلماس بىر سۈپىتى بولسا، ھەرقانداق ئىشلار ھەققىدە كۆز-قارىشىنى ئۇچۇق - يورۇق ھالەتتە ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر.

شۇڭا، مۇسۇلمان بارلىق ئالاقىلىرىدا ئۇچۇق - يورۇق ئىش قىلىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ رەببى بىلەن بولغان ئالاقىسى بولسا، رەببىگە قىلىدىغان قۇلچىلىق قىلىش ئالاقىسىدۇر.

مۇسۇلماننىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى بولسا ئۇنى ياخشى كۆرۈش ھەمدە ئۇ باشلىغان يولغا ئەگىشىش ئالاقىسىدۇر.

مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئالاقىسى بولسا قېرىنداشلىق ئالاقىسىدۇر.

مۇسۇلمانىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى بولسا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىش، ئۇلارغا ئىقتىسادى چىقىم قىلىش، ئۇلارنى شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە توغرا يولغا يېتەكلەپ ئۇلارغا باشچىلىق قىلىش ئالاقىسىدۇر.

مۇسۇلمانىنىڭ ئەھلى كىتاب بىلەن بولغان ئالاقىسى بولسا بىرلىكتە ياشاش ئالاقىسىدۇر...

بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئوچۇق - يورۇق بولۇش يوقتۇر:

**﴿يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ وَإِن لَّمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ﴾**[68].

«ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارغا ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»

(68) المائدة (67).

ئۆلىمالار مانا بۇ ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە نازىل قىلىنغان بارلىق شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنسانىيەتكە تولۇق يەتكۈزگەنلىكىگە دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئوچۇق - يورۇق بولۇش ئىسلامنىڭ ئايرىلماس مۇھىم سۈپىتى بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا، مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئايرىلماس مۇھىم سۈپىتى بولغان بۇ ئوچۇق - يورۇق بولۇش مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ يادروسى بولغان ئىسلامىي ئائىلىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇشى كېرەك ...

ھەقىقەتەن، نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىنى غۇۋا تۇمان ئۈستىگە بىنا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كۆڭلىرىنىڭ بىرىدە ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان ئىشلار سەۋەبىدىن، ئايال-ياكى ئەر تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشلار سادىر بولىدۇ. مانا بۇ ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان مۇشكىلاتلار پەيدا بولىدۇ. ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىم بىزگە ھەممە ئىشتا ئوچۇق - يورۇق بولۇش ھەققىدە گۈزەل مىساللارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بىز بۇگۈنكىدەك بۇنداق مۇرەككەپ ھاياتىمىزدا مانا بۇ گۈزەل مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتىمىز...

مانا بۇ گۈزەل مىساللارنىڭ بىرى بولسا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە كەلگەن بولۇپ، سالىھ بىر كىشى (يەنى، شۇئەيىب ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئىككى قىزىنىڭ بىرى دادىسىغا مۇنداق دېگەن : ﴿يَا أَبَتِ اسْتَأْجِرْهُ إِنَّ خَيْرَ مَنِ اسْتَأْجَرْتَ الْقَوِيُّ الْأَمِينُ﴾[69].

« ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى ئېيتتى: «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر»»

دادىسىنىڭ قىزىغا بەرگەن جاۋابى قانداق بولدى؟!

«شەيخ قىزىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى. ئېھتىمال ، ئۇ قىزى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن بىر خىل ھەقىقىي ،ساغلام، تەبىئىي ئىشەنچنى ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن .» [70]

بۇ قىزنىڭ دادىسى بۇ ئىشقا جىددىي قاراپ مۇنداق دېدى: ﴿قَالَ إِنِّي أُرِيدُ أَنْ أُنكِحَكَ إِحْدَى ابْنَتَيَّ هَاتَيْنِ﴾[71].« ئۇ (يەنى شۇئەيب) ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى

---

([69]) القصص (26).

([70]) أحمد فائز / دستور الأسرة المسلمة.

([71]) القصص (27).

قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن، ئەگەر ئۇن يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ (ئۆمۈ) ئىختىيارىڭ، (ئۇن يىلنى شەرت قىلىپ) سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، خۇدا خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقايسەن»

مانا بۇ تولىمۇ ئوچۇق - يورۇق بولۇشنى ئۇقتۇرىدىغان روشەن مىسالدۇر. ئۇ قىز ئۆزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشتىن قورقمىدى. قىزنىڭ دادىسىمۇ بۇنداق ئوچۇق - يورۇق قىزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئامانەتدار، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان تەرىپىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندى... ئەگەر شەرىئەت بەلگىلىگەن قائىدە پىرىنسىپلاردىن چىقىپ كەتمىگەن ئاساستا، ھەر ئىككى تەرەپ مەقسىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

« شۇنىڭدەك، ھېلىقى سالىھ كىشى ئوچۇق - يورۇق ھالدا ئىككى قىزىنىڭ بىرىنى نىكاھلاپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى...

ھېلىقى سالىھ كىشى ئوچۇق - يورۇق ھالدا ئىككى قىزىنىڭ بىرىنى نىكاھلاپ بېرىشنى سىقىلماستىن، مەقسىتىنى يوشۇرۇپ، گەپ يورغىلىتىپ ئولتۇرماستىن، دادىل ھالەتتە ئوتتۇرىغا قويدى.

چۈنكى، ئۇ نىكاھنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا، ئۇ بۇنداق قىلغانلىقىدىن خىجىلمۇ بولمىدى. نېمىشقا خىجىل بولسۇن؟! ئۇ ئائىلە بىنا قىلىشنى، يېڭىدىن بىر ئۆي قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ! ئۇ خىجىل بولىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ ئىشتا، ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشقا، يىراقتىن گەپ ئەگىتىپ، تەكەللۇپ قىلىشقا، رەت قىلىشقا سەۋەب بولغىدەك بىر ئىش يوق. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ساغلام پىترىتىدىن ئېغىپ كەتكەن، ساختا، ياسالما، باتىل ئەنئەنىلەرگە باش ئىگىدىغان كىشىلەرنىڭ شارائىتىدا كۆرۈلىدىغان ئىشلاردۇر.[72]»

«مانا مۇشۇنداق پىداكار روھ بىلەن، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۆز ئۆيلىرىنى بىنا قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئىككىلەنمەستىن، تاغدىن-باغدىن سۆزلەپ ئولتۇرماستىن، ياسالمىلىق قىلماستىن، گەپ يورغىلىتىپ ئولتۇرماستىن دادىل قەدەم بىلەن بىنا قىلىدۇ.»[73]

مانا بۇ ئوچۇق - يورۇق بولۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىدۇر؛ ئىسلام ئوچۇق - يورۇق بولۇشنىڭ ئەڭ

---

([72]) . أحمد فائز دستور الأسرة المسلمة.

([73]) . المرجع السابق.

يۇقىرى دەرىجىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئەڭ ئاددىي ئىشلارنىڭمۇ بۇنداق ئوچۇق - يورۇق بولۇش روھى بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن، ئوچۇق - يورۇق بولۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولسا ئەۋلادلاردىن ئەمەس، بەلكى، ئاتا-ئانىلاردىن باشلىنىشى كېرەك ؛ چۈنكى، ئوغۇللار ۋە قىزلار ئاتا-ئانىسىغا ئويلىغانلىرىنى ئوچۇق ئاشكارا دېيىشكە قادىر بولالمايدۇ. شۇڭا، ئەۋلادلارنىڭ ئوچۇق - يورۇق گەپ قىلالايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن، ئۆيدە ئوچۇق - يورۇق بولۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئاتا-ئانىلاردىن باشلىنىشى كېرەك .

«مانا مۇشۇنداق ئوچۇق - يورۇق بولغاندا، ئاتىنىڭ تەربىيەلەش جەريانىدا ۋە ئاتىنىڭ ئوغلىنى مۇشەققەتلەرنى يېڭىشكە ئىلھاملاندۇرىشى جەريانىدا مەسىلە كۆرۈلمەيدۇ.» [74].

---

([74]) . عماد الدين الرشيد العلاقات الداخلية في الأسرة.

# ئائىلىدە ئوچۇق - يورۇق بولۇشنىڭ پايدىلىرى

ئائىلىدە ئوچۇق - يورۇق بولۇشنىڭ نۇرغۇنلىغان پايدىلىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1- ئوچۇق - يورۇق بولۇش سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلىش ۋە ماھىر بولۇش ئىقتىدارى يېتىلىدۇ.

نۇرغۇنلىغان ياشلار ئويلىغانلىرىنى ئوچۇق سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ ھەمدە قانداق سۆزلەشنىمۇ بىلمەيدۇ. ئوچۇق - يورۇق بولۇش بۇ ياشلارنى ئويلىغىنىنى جۈرئەتلىك سۆزلەش ۋە ئۆز پىكرىنى مۇداپىئە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ.

2- ئوچۇق - يورۇق بولۇش توغرا –خاتانى ئايرىش ئىقتىدارى يېتىلىدۇ.

ئوچۇق - يورۇق بولۇش ئىشلار ھەققىدە ئىزدىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توغرا –خاتا ئايرىلىدۇ.

3- ئوچۇق - يورۇق بولۇش ئاتا-ئانىلار ۋە ئەۋلادلار ئوتتۇرسىدىكى ئىشەنچنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

4-ئوچۇق - يورۇق بولۇش ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

## بەس مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلىش ئائىلە ئىتتىپاقلىقىنىڭ كاپالىتى.

نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلار ئەۋلادلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان جېدەل -ماجىرالار ھەققىدە شىكايەت قىلىشماقتا. ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ بولغىچە بالىلىرىنىڭ جېدەللەشكەن ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ؛ كوچىغا يېتىپ بېرىپ بولغىچە ئايالىنىڭ ئۇلارغا ۋاقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. ئېھتىمال ، ئۇلار بالىلىرى ئارىسىدىكى جېدەل -ماجىرانىڭ ئانىسىنىڭ سەۋەبىدىن بولدى دەپ ئويلايدۇ؛ بىراق، ئۇلار ئۇلارنىڭ ئارىسىنى قانداق تۈزەشنى؛ ئۇلارنى قانداق بىرلەشتۈرۈشنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جېدەل -ماجىرانى قانداق يوقۇتۇشنى بىلمەيدۇ.؟!

ھەقىقەتەن، مۇسۇلمان ئائىلىدە يۈز بەرگەن بۇ جېدەل -ماجىرالار مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى شەخسلەر بىلەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ كىچىككىنە بىر سۈرىتىدىن ئىبارەت.

اللە مۇئمىنلەرنى قېرىنداش دەپ سۈپەتلەپ، مۇنداق دېگەن :

**﴿إنَّما المؤمنونَ إخوةٌ فأصْلحوا بينَ أخويْكم واتقوا اللهَ لعلكُم تُرحمون﴾** (75).

« مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار »

مانا بۇلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، مۇئمىنلەر بىر ئائىلىدە ياشايدۇ. بىراق، بۇ ئائىلە بەك چوڭدۇر. بۇ ئائىلە بولسىمۇ پۈتكۈل مۇسۇلمانلار جەمئىيتىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە الله مۇئمىنلەرنى قېرىنداش دەپ سۈپەتلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار بۇ قېرىنداشلىقنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئۇنى دۈشمەنلىك، ھەسەت ، ئۆچمەنلىكلەرگە ئالماشتۇرۇپ قويدى. بۇ ئۆچمەنلىك تەدرىجىي كۈچىيىپ، بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندا ئىسلام دۇنياسىنىڭ شوئارىغا ئايلىنىپ قالدى...

**نقذِف نشتمُ نتشاجرْ**

**نحسُد نبغضُ نتفاخرْ**

**وكلٌ منا يتهم الآخرْ** (76).

---

(75) . الحجرات / 10.

(76) . الأبيات للمؤلف.

مانا بۇ شېئىر مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئەكس -ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭدا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىمىزگە تۆھمەتلەرنى چاپلاۋاتقانلىقىمىز؛ تىللاۋاتقانلىقىمىز؛ بىر-بىرىمىز بىلەن جېدەللىشىۋاتقانلىمىز؛ بىر-بىرىمىزگە ھەسەت قىلىۋاتقانلىقىمىز؛ بىر-بىرىمىزنى ئۆچ كۆرىۋاتقانلىقىمىز؛ بىر-بىرىمىزگە كۆز-كۆز قىلىۋاتقانلىقىمىز؛ ھەممىمىز باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز شىكايەتلەنى قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ... بايان قىلىپ بېرىۋاتىدۇ.

ھەقىقەتەن، بىر ئائىلىدىكى ئەۋلادلار ئارىسىدىكى بۇ جېدەل -ماجىرالار ناھايىتى ئېغىر مۇشكىلاتلار بولۇپ، بەزىدە بۇ مۇشكىلاتلار بىزنى « بىر قېرىنداش ئۆز قېرىندىشىغا ئەرزىيەت بېرىۋاتىدۇ؛ بىر قېرىنداش ئۆز قېرىندىشىغا سۇيىقەست پىلانلاۋاتىدۇ...» دېگەندەك سەلبىي تەپەككۇر قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. اللە قۇرئاندا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق سۇيىقەست پىلانلىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنى قانداق ئىجرا قىلغانلىقىنى ھەمدە ئۇنى قۇدۇققا قانداق تاشلىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ فلمَّا ذَهبُوا به وأجْمَعُوا أنْ يجْعلوهُ فيْ غَيابةِ الجبِّ وأوْحينَا إليه لَتُنَبِئَنَّهم بأمرهمْ هذا وهُمْ لا يَشعرون﴾**[77].

«ئۇلار يۇسۇفنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇنى قۇدۇققا تاشلاشنى بىردەك قارار قىلىشقان چاغدا، بىز يۇسۇفكە: «كەلگۈسىدە ئۇلارغا بۇ ئىشنى (سېنىڭ يۇسۇف ئىكەنلىكىڭنى) ئۇلار ئۇقمايدىغان پەيتتە ئېيتقىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق»

شۇڭا، ئاتا-ئانىلار ئەۋلادلىرىنىڭ بۇنداق سەلبىي ھالىتىنى ئىجابىي ھالەتكە قانداق ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىشى كېرەك ... مانا بۇ نۇرغۇنلىغان ئۇسلۇبلار بىلەن روياپقا چىقىدۇ. ئۇ ئۇسۇللارنىڭ بىرى: ئاتا-ئانىلار بالىلارغا باشقىلار بىلەن بەس مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆگىتىشى ھەمدە ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا باشقىلارنىڭ پىكىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىتىشى كېرەك . مانا بۇ ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى ۋە جەمئىيەت مۇناسىۋەتلىرىدە بەك مۇھىم بولغان بىر تېمىدۇر.

---

(77). يوسف / 15.

# بەس مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرى

بىز بۇ يەردە بەس مۇنازىرە قىلىشنىڭ (يەنى، قارشى تەرەپكە، ئۇنىڭ پىكىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر تەرەپتە رەددىيە بېرىپ ، مۇنازىرە ئېلان قىلىشنىڭ) ئەدەپ ئەخلاقلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

بەس مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەپ ئەخلاقلىرى شۇكى، مەن ئالدىمدىكى سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ سۆزلىرى، ئوتتۇرىغا قويغان مەزمۇنلىرى، پىكىرلىرىگە ھۆرمەت قىلىمەن؛ مەن ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىش-دۈشمەنلىشىش نۇقتىسىدا ئەمەس؛ بەلكى، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا مۇنازىرىلىشىمەن.[78]

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام شەرىئىتىدىكى فىقھى ئالىملىرى شۇنداق دەيدۇكى، «بىزنىڭ بۇ سۆزلىرىمىز توغرا؛ ئېھتىمال ، خاتا بولۇشىمۇ مۇمكىن ..» دېگەن بىر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ

---

[78] بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، باشقىلارنىڭ پىكىرىگە قارشى رەددىيە بىرىپ مۇنازىرە قىلغاندا چوقۇم قۇرئان - ھەدىسكە قايتىشى، مەقسىتى توغرىنى تېپىش ئۈچۈن بولۇشى، قايسىسىنى قىلغاندا ئەڭ توغرىسىنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن بولۇشى؛ ھەرگىزمۇ قارشى تەرەپنى يېڭىش، ئىناۋىتىنى تىكلەش، يۈز-ئابرويىنى قوغداش، ئۆزنىڭ ھەممىدىن بىلىملىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ... ھەرىكەت قىلماسلىقى؛ ھەممىدىن مۇھىمى اللە دىن قورۇققان ئاساستا مۇنازىرە قىلىشى كېرەك.

پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلاتتى ھەمدە باشقىلارنىڭ پىكىرىگە ھۆرمەت قىلاتتى.[79]

ئەدەپ-ئەخلاقلىق، ئىلمى ئاساستا بەس مۇنازىرە قىلىش بولسا اللەغا قىلىنغان ئىبادەتتۇر؛ چۈنكى، ئۇ اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتۇر. بەس مۇنازىرىدە ئايەت ۋە ھەدىستىمۇ كۈچلۈك دەلىل يوقتۇر.

بىز ئەۋلادلىرىمىزغا كىچىكىدىن باشلاپلا بەس مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەپ ئەخلاقلىرىنى ئۆگىتىشىمىز ھەمدە ئۇلارنى پۈتكۈل دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پىكىرلىرىنى، ئۇلارغىمۇ ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە ئۆز ئىدىيەسى بويىچە ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكى بەرمەستىن پەقەت ئۆز پىكىرلىمىزگە

[79] بىر قىسىم كىشىلىرىمىز باركى، ئۇلار ئۆز پىكرىنى كۆچلەندۇرىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقىسى خاتا؛ ھەممە كىشى مۇشۇنىڭغا كىلىشى كىرەك، بولمىسا... دەپ باشقىلارغا ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىۋېتىدۇ.. دەيدىغىنىمىز ئىنساپلىق بولايلى؛ اللەدىن قورقايلى...! ئەمما، يەنە بىر قىسىم كىشىلىرىمىز باركى، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ خاتا ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ياكى بىلىپ تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى خۇنۇكلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى دىنىي ئەمەللەرنى قىلىشتىن توسۇپ، ئىرجائىزىم ئىدىيىسىگە باشلايدىغان ياكى قۇرئان-ھەدىسكە قارشى كىلىدىغان مەزمۇنلارنى غەرب دۇنياسىغا سىتىلغان ئازغۇن كىشىلەرنىڭ ئىزاھاتلىرى ئارقىلىق توغىرلىقىنى ئىسپاتلايدىغان كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس... بۇنداق ۋاقىتتا بىز بۇنىڭغا قەتئى قارشىلىقىمىزنى بۇلدۇرۇپ، ئۆز مەيدانىمىزدا قىلىشىمىز كىرەك...

بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىمىزنى ... قايىل قىلىشىمىز كېرەك .

بەس مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەپ ئەخلاقلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش ئىناق-ئىتتىپاق بىر ئائىلىنىڭ كۈچلۈك كاپالىتىدۇر. چۈنكى، مەن بىلەن بىر كۆز قاراش ھەققىدە بەس مۇنازىرە قىلىۋاتقان كىشى قېرىندىشىمدۇر. مانا بۇ شەكىلدە مۇنازىرە قىلىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا ئىسلامنى ئوتتۇرىغا قوياتتى؛ ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلاتتى؛ سۆزلىشەتتى. شۇنى تەكىتلىشىمىز كېرەككى، باللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنىڭ ھەممىسى زىيانلىق ئەمەس ھەمدە كىبىرلىككە ئېلىپ بارىدىغان يامانلىق ئەمەس.(80) .

بىز ئەۋلادلىرىمىزغا بەس مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەپ ئەخلاقلىرىنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، مۇنداق ئىككى مۇھىم نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك .

بىرىنچى: باللار ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئۆزگەرمەس مۇقەررەر سۆز بولماستىن؛ بەلكى، بەس مۇنازىرە ۋە مۇلاھىزىلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى

---

(80) . د. حسان شمسي باشا كيف تربي أبناءك في هذا الزمان.

ھەمدە باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىپ ئۆسۈپ يېتىلىشى كېرەك .

ئىككىنچى : سۆرە-چۇقان قىلىش ۋە جېدەل -ماجرا قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك .

ئېھتىمال ، ئۆزىنىڭ پىكىر قىلىشتا ئاجىزلىقىنى ھېس قىلغان كىشى ئۆز پىكىرىنى سۆرە-چۇقان قىلىش ۋە جېدەل -ماجرا؛ زورلۇق كۈچى ئارقىلىق تېڭىش مۇمكىن .

بەس مۇنازىرە، پىكرى ئىختىلاپلارنىڭ بولۇشى بەندىلەر ئىچىدىكى اللەنىڭ قانۇنىيىتى. لېكىن ، بىز بەس مۇنازىرە، پىكرى ئىختىلاپلارنىڭ ئايرىم بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھەمدە بەس مۇنازىرە، پىكرى ئىختىلاپلارنى قىلىش ئارقىلىق بىر-بىرىدىن نەپرەتلىنىشنىڭ ئايرىم بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەۋلادلىرىمىزغا بەس مۇنازىرە، پىكرى ئىختىلاپلارنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى؛ شۇنداقلا بۇ مۇنازىرىدە قانداق قائىدە-پرىنسىپلار ۋە ئەدەپ ئەخلاقلارغا دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك .

# ئائىلىدە بالىلار ئارىسىدىكى جېدەل -ماجىرا ۋە بىر بىرىدىن نەپرەتلىنىشنىڭ سەۋەپلىرى

بىز ئائىلىدە بالىلار ئارىسىدىكى جېدەل -ماجىرا ۋە بىر بىرىدىن نەپرەتلىنىشنىڭ نۇرغۇنلىغان سەۋەبلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك . بۇ سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1-ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارغا بىر-بىرىدىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشى ئائىلىدە بالىلار ئارىسىدىكى جېدەل -ماجىرا ۋە بىر بىرىدىن نەپرەتلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2-ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ئائىلىدە بالىلار ئارىسىدىكى جېدەل -ماجىرا ۋە بىر بىرىدىن نەپرەتلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3-ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلار ئالدىدا جېدەل-ماجىرا قىلىشى ئائىلىدە بالىلار ئارىسىدىكى جېدەل -ماجىرا ۋە بىر بىرىدىن نەپرەتلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4-ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنى ئەرزىمەس ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن چەكلەيدىغان قائىدە-پىرىنسىپلارنى بېكىتمەسلىكى ئائىلىدە بالىلار ئارىسىدىكى جېدەل -ماجىرا ۋە بىر بىرىدىن نەپرەتلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يۇقىرىقى سەۋەبلەرنى بىلىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئارقىلىق، ئەۋلادلارنىڭ بۇ ئىشلاردا ئاڭلىق، يۈكسەك دەرىجىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

# بالىلارغا بۇ بەس-مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلارنى ئۇگىتىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئەڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر

ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1- بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

كىچىكلىكىدە بەزى جېدەل ماجىراالارنى قىلغان بالىلار چوڭ بولغاندا تېخىمۇ يېقىن ئۇرۇق تۇققانلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ . [81].

2-بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ مۇنازىرە ۋە مۇلاھىزە قىلىشقا ماھىر بولۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

3- بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ باشقىلارنىڭ توغرا پىكرىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

---

([81]) . د. حسان شمسي باشا كيف تربي أبناءك في هذا الزمان.

4- بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پىكىرلىرىنى تېخىمۇ تاۋلاپ ساپلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز مۇنداق دېگەن : «مەن كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى تاۋلاپ، پىشىپ يېتىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇنازىرە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم»

## بىئارام قىلىدىغان، قاباھەتلىك ئۆتمۈشنى ئەسلەتمەسلىك

ئىنسان ئۆز ھاياتىدا مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن خاتالىقلاردىن ساقلىنالماسلىقى مۇقەررەردۇر. بۇ ئادەم بالىلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، اللە ئۇنى ئادەم باللىرىنىڭ خاراكتېرىدە ياراتقان قانۇنىيەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشقا، اللە تەرەپكە قايتىشقا، ئىستىغپار ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ:

"**إنَّ الحسناتِ يُذْهبْن السيئات**"«شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەتتۇر» سۈرە ھۇد 114

وفي الحديث الذي رواه الإمام مسلم في صحيحه عن أبي موسى عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: "**إنَّ اللهَ عزَّ وجَّل يَبْسط يده بالليل ليتوبَ مُسيء النهار ويَبْسطُ يده بالنَّهار ليتوبَ مسيءُ الليل حتى تطلعَ الشمسُ من مغربها**".

ئىمام مۇسلىم نەقلى قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن، اللە

كۈندۈزى گۇناھ-مەئسىيەت قىلغانلارنىڭ تەۋبە قىلىشىنى ئۈچۈن كېچىسى قولىنى يايىدۇ؛ اللە كېچىسى گۇناھ-مەئسىيەت قىلغانلارنىڭ تەۋبە قىلىشىنى كۈندۈزى قولىنى يايىدۇ. تاكى قىيامەتكىچە مۇشۇنداق بولىدۇ. »

ئىسلام مۇسۇلمانلاردىن تەۋبە قىلغۇچىنى ۋە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قارشى ئېلىشنى، ھەرقانداق ۋاقىتتا خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنى تىلغا ئالماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئىسلام كىشىلەرگە «اللە تەۋبەڭلارنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ...» دەپ ھۆكۈم قىلغان كىشىلەرنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى.

وذلك في الحديث الذي رواه الإمام مسلم عن جندب أن رسول الله صلى الله عليه وسلم "**حدَّث أنَّ رجلاً قال والله لا يغفرُ اللهُ لفلان وإنَّ الله تعالى قال**: **منْ ذا الذي يتألّى عليَّ أَلاَّ أغفرُ لفلان فإنِّي قد غفرتُ لفلان وأحبطتُ عمَلَك**".

ئىمام مۇسلىم نەقلى قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق سۆزلەپ بەردى: « ھەقىقەتەن، بىر كىشى دەيدۇكى، اللە پالانى كىشىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ.. دەيدۇ؛ اللە دەيدۇكى، مېنىڭ پالانى بەندەمنى مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىم ھەققىدە ماڭا ۋاكالىتەن قەسەم قىلغان زادى كىم؟ شۇبھىسىزكى،

مەن پالانى بەندەمنى ئەپۇ قىلدىم. سېنىڭ ئەمىلىڭنى بىكار قىلىۋەتتىم...! دەيدۇ.»

زامانىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ساھابىلەرنىڭ دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردىمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سېلىپ ، تەۋبە قىلىپ، اللە تەرەپكە قايتقان كىشىلەر بولغان ئىدى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىنى قارشى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىغا چىڭ ئېسىلىۋالمىغان ئىدى. مىسال قىلىپ ئېيتساق، ئىسلام تارىخى ساھابىلارنىڭ تەبۇك غازىتىغا چىقمىغان كەئبە ئىبنى مالىكنى اللە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەيىبلىگەنلىكىنى تىلغا ئالمىغان ئىدى.

شۇنىڭدەك، قۇرەيشلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقسىتىنى خەۋەر قىلىپ قويغان ھاتەب ئىبنى ئەبۇ بەلتەنى تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تەرەپكە قايتقاندىن كېيىن ساھابىلەردىن ھېچكىمنىڭ ئۇنى ئەيىبلىگەنلىكى ئىسلام تارىخى تىلغا ئالمىغان ئىدى.

غامىدىيلىك بىر ئايال چالما كېسەك قىلىنغاندىن كېيىن خالىد ئىبنى ۋەلىد بۇ ئايال توغرىسىدا ئازراق گەپ قىلغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چەكلەپ مۇنداق دېدى:

نهاه النبي بقوله: **"يا خالدُ فوا الذي نفْسي بيده لقد تابتْ توبةً لو تابها صاحبُ مَكسٍ لَغُفر له.** ثم أمر بها فصُلىَ عليها ودُفنت"[82].« ئى خالىد! جىنىم ئىلىكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايال شۇنداق سەمىمىي تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى قاقتى-سوقتى قىلغان باجگىر كىشى مۇشۇ ئايالدەك تەۋبە قىلغان بولسىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇ ئەپۇ قىلىناتتى دېدى. ئاندىن ئۇ ئايالنى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپ، ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇ ئايال دەپنە قىلىندى.»

ھەقىقەتەن، ئائىلە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە تەتبىقلانغان ھۆكۈملەر ئائىلىگە تەتبىقلىنىدۇ.

ھەقىقەتەن، نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىغا ئىسىلىۋېلىپ، يۈزىگە سېلىپ ، خىجىل قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ . ئۇلار بىرەر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالسا كىشىلەرگە بۇرۇن قىلىپ سالغان گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرىنى يۈزىگە سېلىشقا باشلايدۇ. ھالبۇكى، ئۇ كىشى ئاللىبۇرۇن ئىلگىرى قىلغان قىلغان خاتالىقلىرىنى تەرك قىلىپ، تەۋبە قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بىر كىشىدۇر. بىراق، كىشىلەر ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشىنى ۋە ئۇنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىنى

---

(82) مسلم.

قارشى ئېلىشنى خالىمايدۇ. [83]قاچانكى، ئۇ تەۋبە قىلىپ، يېڭى بىر هايات قۇرماقچى بولسا، بەزى كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا ئاللەنىڭ ئۇنى ئەپۇ قىلمايدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ.

ھەقىقەتەن، ئىنسان كۆپىنچە ئائىلىسى ئالدىدا ئىش – ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارىلايدۇ . كۆپىنچە ئاتا-ئانىلار ئەۋلادلىرىغا ئۆزىنىڭ قانداق يۈكسەلگەنلىكلىرىنى؛ قانداق تەربىيەلەنگەنلىكلىرىنى بالىنىڭ سەلبىي ھالەتتىن ئىجابىي ھالەتكە قانداق يۆتكىلىش كېرەكلىكىنى؛ خاتالىقتىن ياخشىلىققا قاراپ قانداق يۆتكىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ئاياللىرىنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى بالىلىرىغا تونۇشتۇرىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇنداق ئىشلارنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىق ھەمدە بەزى سورۇنلاردا ئاياللىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى سۆزلەشكە ئېلىپ بارىدۇ.

مەسىلەن: نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلار مېھمانلىرى ۋە بالىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرغان سورۇنلاردا ئەۋلادلىرى قىلغان خاتالىقلارنى ياكى گەپ-سۆزلەرنى سۆزلەپ كېتىدۇ . ( بالىلار بۇنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ) بۇ ۋاقىتتا ئۇلار بالىلارنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقى ۋە ئەھۋالىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە دىققەتمۇ قىلماستىن،

---

[83] هازىرقى زاماندا قارايدىغان بولساق بىر كىشى گۇناھ قىلىپ قويۇپتۇ دىسە، بۇنى كۈچەپ ئەتراپقا يېيىشقا ئالدىرايدۇ؛ بىراق، بىر كىشىنى تەۋبە قىلىپ، الله تەرەپكە قايتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ.

ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ . شۈبھىسىزكى، مانا بۇ ئەھۋاللار باللار چوڭ بولغاندا ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئوخشاش بىر تىراگېدىيە ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا تەكرارلىنىدۇ. ئەر ئايالى ئالدىبۇرۇن قول ئۇزگەن خاتالىقلارنى ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇرۇق تۇغقانلىرى ئالدىدا سۆزلەپ كېتىدۇ ... مانا بۇلار ئايالغا نىسبەتەن يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ .

ھاياتتا يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى يۈزىگە سېلىپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشتىمۇ چوڭراق بولغان ئائىلە مۇناسىۋىتىنى بۇزىدىغان ئامىللار مەۋجۇت ئەمەس. مانا بۇ ئامىللار ھاياتنى چىدىغۇسىز جەھەننەمگە ئايلاندۇرىدۇ.

باشقىلارنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرىغا ئېسىلىۋېلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا كۆز يۇمۇش، شۇ ئىنساننىڭ روھى كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنداق ئىنسان باشقىلارنىڭ يۈز ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش ۋە يىقىتىش ئارقىلىق ئۆزىنى باشقىلارغا چوڭ كۆرسەتمەكچى، كۆز-كۆز قىلماقچى، شەھۋەتلىرى قاندۇرماقچى بولىدۇ. ئېھتىمال ، بۇنداق سەلبىي ئىش-ھەرىكەتلەر كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرىغا ئېسىلىۋېلىش، ئىنتايىن يامان سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن .

## باشقىلارنىڭ ئابرۇيىنى چۇشۇرۇش، ئۆتمۇشتىكى خاتالىقلىرىغا ئېسىلىۋېلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا كۆز يۇمۇشنىڭ كەلتۇرىدىغان ئاقىۋەتلىرى

كىشىلەرنىڭ ئۆتمۇشتىكى خاتالىقلىرىغا ئېسىلىۋېلىش تۆۋەندىكىدەك ئىنتايىن يامان سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ:

1-باشقىلارنىڭ ئۇ كىشىنى يامان كۆرۈشىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ.

مەسىلەن: ئوغلى دادىسى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشنى يامان كۆرىدۇ. ئايالى ئېرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشنى يامان كۆرىدۇ.

2-قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى تېخىمۇ داۋاملاشتۇرۇشنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ.

مەسىلەن: نۇرغۇنلىغان ياشلار بىر قىسىم ناچار ئادەتلەرنى ئۆگۈنۈپ قالىدۇ. ئۇلار تەۋبە قىلىپ، ھەقكە قايتماقچى بولغىنىدا، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يۈزىگە سېلىپ ، ئۇلارنى ھەممە كىشىگە جىنايەتچى كۆرسىتىدۇ... مانا بۇنداق خاتا ئىشلار ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى تېخىمۇ داۋاملاشتۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

3-بۇنداق ئەھۋاللار تەكرارلىنىۋەرسە، باللار قاشاڭلىشىپ گەپ ئۆتمەس بولۇپ قالىدۇ.

بىر كىشى بالىسىغا خاتا قىلغان بىر ئىشنى قارىغۇلارچە تەكرار-تەكرار سۆزلەۋەرسە، بالىنىڭ دادىسىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە ئەيمىنىشلىرى يوقاپ كېتىدۇ -دە بۇ بالا قاشاڭلىشىپ، گەپ ئۆتمەس بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى؛ بۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلاشمىسۇن...؟! دەيدىغان بولۇۋالىدۇ.

ئائىلىدە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى قارىغۇلارچە قايتا-قايتا سۆزلەۋېرىش ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، بۇ ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر-بىرىنى يامان كۆرىدىغان، يىرگىنىدىغان سەلبىي مۇناسىۋەتلەرنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى شۇكى، بۇنداق ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ كېتىپ ، ئۇنى قايتا تىلغا ئالماسلىق؛ بەلكى، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئاكتىپ، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىش كېرەك .

# ئالاھىدە ئىسلامىي ئائىلە قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ باشقا ئۈممەتلەردىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم سۈپىتى شۇكى، بۇ ئۈممەت ئالاھىدە، مۇستەقىل بىر ئۈممەتتۇر. قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بۇ ھەقتە نۇرغۇن مەلۇماتلار كەلگەن:

(**كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ**) [آل عمران : 110] .

(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتىنى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىقا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اﷲ قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.)

(**وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ**) **[آل عمران : 104]**

(سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر) (سۈرە ئال ئىمران 104-ئايەت)

( **إِنَّ اللَّهَ لا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ** ) [ الرعد : 11 ]
.

(ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى اﷲ نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) اﷲ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى اﷲ ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ))

(**وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً** ) [ البقرة : 143 ] .

(شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.)

ئەمدى ھەدىس شەرىفتىكى بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارغا كەلسەك، بۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مۇستەقىل ۋە ئالاھىدە ئۈممەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلدى:

رواه البخاري عن ابن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال:
**"خَالفوا المشْركين، وفِرُّوا اللحى وأحْفوا الشَوارب"**
بۇخارىنىڭ ئىبنى ئۆمەردىن نەقلى قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «مۇشرىكلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىڭلار! ساقىلىڭلارنى قويۇڭلار؟! بۇرتۇڭلارنى قىسقارتىڭلار!»

مۇسۇلماندىن كىيىم-كىچەكتىمۇ ئالاھىدە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلماننىڭ كۆرۈنىشىمۇ ئالاھىدە ياخشى بولۇشى كېرەك.

**. (لا يَدْخُل الجَنَّةَ مَنْ في قَلْبِهِ مِثْقالُ ذَرَّةٍ مِنْ كِبْرٍ، فقال رجلٌ: إن الرجلَ يُحبّ أن يكون ثوبُه حسناً ونعلُه حسنةً، قال: إنَّ اللَّهَ جَمِيلٌ يُحِبُّ الجَمالَ، الكِبْرُ بَطَرُ الحَقِّ وَغَمْطُ النَّاسِ)**

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەلبىدە زەررىچىلىك تەكەببۇرلۇقى بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ-دېدى.» بىر ئادەم: كىشى ھەقىقەتەن، ئۆزىنىڭ كىيىمى ۋە ئايىغىنىڭ چىرايلىق بۇلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئاللاھ گۈزەلدۇر. گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ، تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەقنى ئىنكار

قىلىش ۋە كىشىلەرنى تۆۋەن كۆرۈشتۇر » دېدى» (مۇسلىم)

وعن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: **"منْ كان له شعرٌ فليُكرمْه"** [84].

ئەبۇ ھۈرەيرىدىن نەقلى قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « كىمكى چاچ قويسا، چېچىنى ھۆرمەتلىسۇن. ( يەنى، چېچىنى يۇيۇپ، تاراپ، پاكىزە، چىرايلىق قويسۇن.)»

ئېھتىمال ، ئىسلامىي ئائىلە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى ھۈجەيرىسى بولۇشى مۇمكىن ؛ شۇڭا، ئىسلامىي ئائىلە بۇ سۈپەتلەرگە چىڭ ئېسىلىشى؛ ھەرگىزمۇ بۇ سۈپەتلەردىن ئايرىلىپ قالماسلىقى كېرەك .

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئائىلىسى باشقا ھەرقانداق ئائىلىلەردىن ئالاھىدە بولۇشى؛ شەخسىيەتچىلىكلەردىن خالى بولۇشى كېرەك . مانا بۇ ھەر بىر مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنغان شەرئى تەلەپتۇر. الله زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

---

(84) أبو داود.

**﴿... فَهَبْ لِيْ منْ لَدُنْكَ وَليًّا (5) يَرِثُني وَيَرِثُ منْ آل يعقوبَ واجْعلْه رَبِّ رَضيًّا (6)﴾** [85].

«(پەزلىڭدىن) ماڭا بىر (ياخشى) پەرزەنت ئاتا قىلغىن. ئۇ ماڭا ۋارىس بولغاي ۋە يەئقۇب ئەۋلادىغا ۋارىس بولغاي، پەرۋەردىگارىم! ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان قىلغىن»

اللە ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملاردىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ربَّنا واجْعلنا مُسْلِمَيْن لَكَ ومِنْ ذُرِيتِنا أمَّةً مُسلمةً لكَ وأَرِنا مناسِكَنَا وتُب عَلينَا إنَّكَ أنْتَ التوَّابُ الرَّحيم﴾**[86].

«پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۇممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن»

اللە بەندىلىرىدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

(85). مريم / 5-6.

(86). البقرة / 128.

﴿والَّذينَ يَقولونَ ربَّنا هبْ لنا منْ أزواجنا وذرِّيَّاتنا قرةَ أعينٍ واجْعلنا للمُتقين إماماً﴾ [87].

«ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىغىن (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلغىن) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىقتا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دەيدۇ »

ئۇرۇق-تۇققانلىق ماقامىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى:

﴿وإذ ابتَلى إبراهيمَ ربُّه بكلماتٍ فأتمَّهنَّ قال إنِّي جاعلك للنَّاسِ إماماً قالَ ومنْ ذُرِّيَتي قال لا ينَالُ عهْدي الظَّالمين﴾[88].

«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. ئاللاھ (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ

(87). الفرقان / 74.

(88). البقرة / 124.

پىشۋا قىلساڭ» دېدى. ئاللاھ: «مېنىڭ (پىشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى»

بولۇپمۇ، بۈگۈنكىدەك بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش، بىر تەرەپكىلا ئېسىلىۋېلىش ئەۋجىگە چىققان دەۋردە مۇسۇلمانلار ئائىلىسىدە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشى تولىمۇ زۆرۈردۇر.

چۈنكى، نۇرغۇن ئائىلىلەر بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى بىلمەيدۇ؛ بەلكى، بۇ ئائىلىلەر ھاياتىدا نىشانسىز، قائىدە – پىرىنسىپسىز ياشىماقتا... بۇ ئائىلىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرى مەكتەپتە نەتىجە قازىنىش، ياكى ماشىنا سېتىۋېلىش ياكى ئۇندىن باشقا تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاددىي نىشانلارغا چەكلىنىپ قالماقتا...

ئىسلام مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلىۋاتقان ئالاھىدىلىكلەر بولسا، ئالاھىدە ئوبراز، ئۆتكۈر تەپەككۇر، ئاكتىپ ھەرىكەت، يۈكسەك نىشاندىن ئىبارەت.

بۈگۈن مۇسۇلمانلار ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ، ئىسلامىي ئالاھىدىلىكلىرىنى قايتۇرۇپ كېلەلمىسە پۈتكۈل مىللەتلەر ئىچىدىكى شانۇ-شەۋكىتى ۋە يۈكسەك ئورنىنى قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ. ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىسلامىي ئالاھىدىلىكلەر بولسا، ھەر بىر

مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ ئىلمي قۇۋۋىتى ۋە ئۆز ساھەسىدىكى ئۇستۇنلۇكى بىلەن كاپىرلاردىن ئىككى كىشىگە تاقابىل تۇرۇشى كېرەك . الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

قال الله سبحانه ﴿**الآنَ خَفَّفَ اللهُ عنْكمْ وعَلِمَ أنَّ فيكمْ ضَعْفاً فإنْ يَكُنْ مُنْكمْ مائةٌ صَابرَةٌ يَغلِبُوا مائَتين وإنْ يَكُنْ منْكمْ ألفٌ يغلِبُوا ألفَين بإذنِ اللهِ واللهُ مَعَ الصَّابِرين**﴾[89].

«ئاللاھ ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى، ئەگەر سىلەردە چىداملىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن 2000 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ. ئاللاھ چىداملىقلار بىلەن بىللىدۇر»

ئۇرۇشتىكى نىسبەت/1.( يەنى، مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى مۇشرىكلاردىن ئىككى كىشىگە تەڭ كېلىدۇ .)

مانا بۇ ئايەت ئۆزگەرمەس ھۆكۈم بولۇپ، بۇنىڭ ھۆكۈمى قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگىدۇر.

---

(89) . الأنفال / 66.

ئەگەر بۇ ھەربىي ئۇرۇشلاردا زۆرۈر بولسا، ھايات مەيدانلىرىدىكى ئۇرۇشلاردا تېخىمۇ زۆرۈردۇر. [90].

مەسىلەن: بىر مۇسۇلمان دوختۇر ئۆزىنىڭ تېببىي قابىلىيىتى بىلەن ئىككى مۇشرىك دوختۇرغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك . بىر مۇسۇلمان شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرىي قابىلىيىتى بىلەن ئىككى مۇشرىك شائىرغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك .... بۇنىڭغا ئوخشاش ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىسلامىي ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئائىلىمىزنى تەربىيەلىشىمىز كېرەك .

---

(90) ــ لا يقصد بكلمة الواجب هنا ما يقصده الفقهاء وإنما يقصد بها التأكيد.

## ئائىلىنى ئىسلامىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىدىغان ئەمەلىي پىلانلار

ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1-اللەدىن ئائىلىنى ئىسلامىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، دۇئا قىلىش:

قۇرئان كەرىم بىزگە بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئورۇنلاردا تەلىم بەرگەن بولۇپ، اللە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿هُنالكَ دَعَا زَكَرِيَّا رَبَّه قَالَ رَبِّ هَبْ لي مِنْ لَدُنْكَ ذُرِّيةً طَيِّبةً إنَّكَ سَميعُ الدُّعاء﴾**[91]

«شۇ ۋاقىتتا (يەنى مەريەمنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن چاغدا) زەكەرىيا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشىتكۈچىسەن» دېدى »

---

([91]) . آل عمران / 38.

بۇ ئايەتتە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام اللەدىن ئەۋلادلىرىنى سالىھ بەندىلەردىن قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلغان.

اللە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿رَبِّ هَبْ لِي مِنْ الصَّالحِيْن﴾[92]. « پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن»

2-بالىلارغا ياخشى لەقەم ۋە ياخشى سۈپەتلەرنى قويۇش:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى. بۇ لەقەملەرنىڭ ئىنسانغا ناھايىتى مۇھىم رولى بار. چۈنكى، ئىنسان دائىم بۇ لەقەم ياكى سۈپەتلەرنى ئەسلەپ، شۇ سۈپەتكە لايىق ئادەم بولۇشقا تىرىشىدۇ.

مانا بۇ ئەھۋاللار ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدا كۆرۈلگەن ئىدى. بۇخارى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقلى قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مۇنبەرگە بىللە ئېلىپ چىقىپ، مۇنداق دېگەن : «بۇ ئوغلۇم «سەييىد-يولباشچى» ئېھتىمال

---

([92]) . الصافات / 100.

، اللە بۇ ئوغلۇم ئارقىلىق مۇسۇلمانلاردىن ئىككى گوروھنىڭ ئوتتۇرسىنى ئىسلاھ قىلىشى مۇمكىن »

بۇ لەقەمنىڭ ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قويۇلۇشى ھەقىقەتەنمۇ بىكارغا كەتمىگەن ئىدى. بەلكى، ئۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەمىرلىك ھەققىدە تالاش-تارتىش بولغاندا ھەقىقەتەنمۇ ئەمەلى سەيىد بولغان ئىدى. اللە ئۇ ئارقىلىق بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزىنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، شۇ يىلى «جامائەت يىلى» دەپ ئاتالغان ئىدى.

ئېھتىمال ، ئەبۇل مۇئالى، ھافىز، ئەفىيفە، سىقەھ، سۇدۇق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۈپەتلەر ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن . ئەۋلادلار مانا بۇ سۈپەتلەرگە چىڭ ئېسىلىپ، شۇ سۈپەتكە لايىق كىشىلەردىن بولۇشى مۇمكىن .

3-ئانىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالاھىدە سەۋىيەلىك ئانىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈش؛

ئانىنىڭ سەۋىيەسىنى بۇ ئەسىرنىڭ ئاياللىرى ياشاۋاتقان ئەھمىيەتسىز، تېتىقسىز جاھىلىيەت سەۋىيەسىدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى سەۋىيەگە يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك .

4-مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە غەلبە قىلىشتا قوللىنىدىغان ئۇسۇللارنى ئىنىق بىلىش كېرەك نۇرغۇن بالىلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە غەلبە قىلىشتا قوللىنىدىغان ھەقىقىي ئۇسۇللارنى ئېنىق بىلمەيدۇ. مۇسۇلمان قانداق قىلغاندا غەلبە قىلالايدۇ؟ قانداق قىلغاندا مەغلۇپ بولىدۇ؟ .. دېگەن پىرىنسىپلارنى بىلمەيدۇ. بۇ تولىمۇ مۇھىم بولغان مەسىلە بولۇپ، بالىلار چوقۇم بىلىشى كېرەك . مەسىلەن: بالىلار غەلبە قىلىشنىڭ تۇنجى ئۇسۇلىنىڭ اللە رازى بولىدىغان يول ۋە ۋاستىلارنى قوللىنىش ئىكەنلىكىنى بىلىشى ھەمدە بىزنى غەلبىگە ئېرىشتۈرىدۇ دەپ ئويلاپ قوللىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئۇسۇللار ۋە ۋاستىلار ۋە ئۇسۇللارنىڭ اللە رازى بولمايدىغان ئۇسۇللار ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك . [93].

5-بالىلارغا ئىسلام ئۈممىتىگە خىزمەت قىلغان ئالاھىدە مۇسۇلمان تارىخى شەخسلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگىتىش كېرەك .

مەسىلەن: بالىلارغا پەيغەمبەرلەر، سەلەپ-سالىھلار، مۇجاھىدلار، ئىلگىرى ئۆتكەن ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، اللەھنىڭ كەلىمىسىنى ئالى قىلىش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان ئىسلام

(93). انظر آخر الكتاب أي بنيتي

باتۇرلىرىنىڭ تارىخىنى ئۇگۇتۇش؛ ئىسلام سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان سالىھ دەۋەتچىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا بالىلارنىمۇ بىرگە ئېلىۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىغا قاتناشتۇرۇش. تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى: «ئىسلام ساھەسىدە پىشىپ يېتىلگەن مەشھۇر دەۋەتچى ئۆلىمالار 63% يېشى چوڭايغان ۋاقىتتا، ئۇتۇق قازىنىپ، مەشھۇر بولىدۇ»[94]

بالىلارغا كەلگۈسى ھەققىدىكى جەڭگىۋارلىق، ئۈمىد بېغىشلايدىغان شېئىرلارنى يادقا ئالغۇزۇش كېرەك .

ستصبح يا بنيّ فتى تشير إليه كلُّ يدِ
فتىً يبْني لأمَّته صروحَ الخيرِ والرشدِ
سَتُسهمُ في سعادتِها بعونِ الواحدِ الأحدِ
وسوفَ أرى بإذن اللهِ أنَّ خطاكَ لمْ تَحِدِ
تسيرُ إلى العلا شَهْماً بِعَزمٍ منك متقدِ

بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى شۇكى، ئى ئوغلۇم! سەنمۇ كەلگۈسىدە ئالاھىدە بولۇپ، بىر يىگىتكە ئايلىنىسەنكى، ھەممە كىشىنىڭ قولى ئىسلام

---

(94) صناعة القائد.

ئۇممەتنىنى ياخشىلىققا باشلايدىغان ۋە ئۇممەتنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان مۇستەھكەم بىر ئۇممەت بىناسىنى بەرپا قىلغان سەندەك يىگىتنى كۆرسىتىدۇ. سەنمۇ بۇ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئۇنتۇلماس بىر كىشىلىك ھەسسەڭنى قوشىسەن؛ اللە خالىسا، كەلگۈسىدە قەدەملىرىڭنىڭ يۈكسەك ئىرادە بىلەن ئالى چوققىلارغا كىتىۋاتقانلىقىڭنى كۆرىمەن...

ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىسلام ئۇممىتى ئولتۇرغان ھايات كېمىسى ئەسلى يولىدىن ئېغىپ كېتىپ قالسا، مۇسۇلمان، رەببانىي بىر يىگىت كېلىدۇ -دە بۇ كېمىنى ئۆزىنىڭ توغرا يولى تەرەپكە بۇرايدۇ. [95]

شۈبھىسىزكى، ئىسلام ئۇممىتى ئالاھىدە ئىقتىدارلارغا ئىگە بولۇشى كېرەك . بولۇپمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىسىدە ئالاھىدە ئىسلامىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. بۇ ھەرگىزمۇ ئىجتىمائىي ياكى ئەخلاقى مەسىلە بولماستىن، بەلكى، ئۇ ئىمانى مەجبۇرىيەتلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، دەۋەت ۋاستىلىرىنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئىسلام ئەھلى پۈتكۈل ھايات مەيدانلىرىدا كىشىلەر ئارىسىدا

---

([95]) المرجع السابق.

ھەممىدىن ئالاھىدە ياخشى، ئالاھىدە يۈكسەك ئىقتىدارلارغا ئىگە بولمىغىچە، كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھەرگىزمۇ ئىسلامغا كىرمەيدۇ.

# ئائىلىدە

## شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارغا كەسكىن رەددىيە بېرىش

شۇبھىسىزكى، ئىسلام پۈتكۈل جاھان ئەھلىگە ئومۇمىيۈزلۈك، ئۆزگەرمەس بىر قانۇن سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. بۇنداق دېگىنى- شەرىئەتنىڭ پۈتكۈل دۇنيانى پەتھى قىلىدىغانلىقىنى مەقسەت قىلىدۇ-. ھالبۇكى، الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: قال تعالى ﴿**وما أرْسَلْنَاكَ إلاَّ رحمةً للْعَالمَين**﴾[96].«(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق»

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمانلار بۇنداق سەلبىي ئىختىلاپلاردىن ئائىلىسىنى قوغداشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك . بۇ ئىنتايىن ئېغىر ۋە مۇھىم مەسئۇلىيەت بولۇپ، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئاتا-ئانىلار ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك . چۈنكى، بۇنداق خەتەرلىك باشلىنىش ۋە ئېغىر خاتالىقلار، نۇرغۇنلىغان سەلبىي خاتالىقلارنى پەيدا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىسىگە سىڭىپ

(96) . الأنبياء. 107

كىرمەكتە... بىز مۇسۇلمانلار تېخىچە بۇنىڭدىن بىخەۋەر يۈرمەكتىمىز. ئېھتىمال ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بۇ رەزىل سۈيقەستلەرنى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ھەمدە ئىنتايىن زىيانلىق بىر تىراگىدىيىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق جاھىلىيەتنىڭ قارىغۇلارچە جۆيلۈيدىغان ئادەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، مۇنداق دەيدۇ:

فقال: "**لَتَتَّبُعنَّ سَنَن مَنْ قَبْلِكمْ شِبراً بشبرٍ وَذِراعاً بذراعٍ حَتى لوْ سَلَكُوا حُجْر ضَبٍّ لَسَلَكْتُموه**" (97). «سىلەر ئىلگىرىكىلەرنىڭ (يەھۇدىي-ناسارالارنىڭ) باتىل يوللىرىغا غېرىچمۇ-غېرىچ، گەزمۇ-گەز (ئاستا-ئاستا، قەدەممۇ-قەدەم) ئەگىشىپ ماڭىسىلەر. ھەتتاكى، ئۇلار ھالاكەت يولىغا ماڭسىمۇ، سىلەر يەنىلا ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىسىلەر.»

دۇنيانى پەتھى قىلىش ھەققىدە، بىزنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە نۇرغۇنلىغان ھەرخىل غەرب دۇنياسىدىن ئىمپورت قىلىنغان ئىدىيەلەر مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. ئىسلام بۇ ئىدىيەلەرنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى، ئۇنىڭغا قارشى ئىلمىي، قائىدە-پىرىنسىپلىك ھالدا پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

---

(97) البخاري.

1-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ ئاساسى ۋە نىشانلىرىغا ماس كېلىدىغان ئىشلارنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئىدى.

تەمىيم داري رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شام شەھىرىدىن كەلگەن ۋە ئۇ يەردە چىراغ ياساشنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەسجىدى نەبەۋىينى يورۇتقان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «الله ئۇنى ۋە قەبرىسىنى نۇرلاندۇرسۇن..» دەپ دۇئا قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ ئىلىپ كەلگەن ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپ كەلمەيدىغان، بەلكى، دەۋەتكە ۋە ئۇممەتكە پايدىسى بولغان بۇ يېڭىلىقنى قوبۇل قىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ ئاساسى ۋە نىشانلىرىغا ماس كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كەلگۈسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن ئۇنى كەسكىن رەت قىلغان ئىدى.

بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقلى قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : .

روى البخاري عن عائشة رضي الله عنها قالت قال رسول الله صلى الله عليه وسلم **"مَنْ أَحْدَثَ فِيْ أَمْرِنَا هَذا مَا لَيْس فِيْه فَهُوَ رَدٌّ"**. «كىمكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئىسلامدا يوق، ئىسلامغا خىلاپ بىر ئىشنى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ ئىنكار قىلىنىدۇ.»

بۇگۈن مۇسۇلمانلارمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا تارقالغان يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلارغا مۇشۇ ئۆلچەم بىلەن مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشلىرى كېرەك .

ھەقىقەتەن ئائىلە كىچىك بالا تۇغۇلغانغا ئوخشاش بارلىققا كېلىدۇ . ئائىلىنى تەربىيەلەشنىڭ تۇنجى ئالتۇن ۋاقىتلىرى بولسا، ئاشۇ بالىنى تەربىيەلەشنىڭ ئالتۇن ۋاقىتلىرىنىڭ دەل ئۆزى شۇدۇر. يەنى، شۇ بالا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى تۇنجى يىللىرىدىكى تەلىم-تەربىيەگە ئوخشايدۇ.

بىراق، تولىمۇ ئەپسۇسلار بولسۇنكى، بۇگۈن نۇرغۇنلىغان ئەر-ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ھاياتىنى ئىسلامنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرۇپ، ئىسلامغا باغلانماستىن، بەلكى، ئىسلامغا خىلاپ ھالەتتە باشلىماقتا... نەتىجىدە، ئائىلە ئۆزىنىڭ ئالتۇن تەربىيە باسقۇچىدىكى ھاياتىنى مانا مۇشۇنداق ئەرزىمەس، تېتىقسىز ئىشلار بىلەن زايا قىلماقتا.. شۇنىڭ بىلەن، ھېچقانداق ئىسلامىي قائىدە-پىرىنسىپنى بىلمەيدىغان، ھېچقانداق نىشانى يوق... ناچار ئائىلە شەكىللىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ناچار ئائىلىدە بىر قىسىم ناچار ئەۋلادلار يېتىشىپ چىقماقتا...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىدە مەۋجۇت بولغان شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارغا بولغان

پىرىنسىپى ناھايىتى ئېنىق ۋە كەسكىن بولۇپ، ئۇ بۇنداق ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ئائىلىدە بىر كىچە تۇرۇپ قىلىشىغىمۇ قەتئىي يول قويمايتتى. ئۇنىڭ بۇ پىرىنسىپى « شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارغا كەسكىن رەددىيە بېرىش » ئىدى.

عن عائشة قالت: **جَعَلْتُ على بَاْبِ بَيْتي ستراً فيه تَصَاويرٌ فلمَّا أَقْبل رسولُ الله صلى الله عليه وسلم لِيَدْخلَ نَظَرَ إليْه فتَهَتَّكَه** قالت: **فأخذْتُه فقطعتُ منه نَمْرَقتين**[98].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :«مەن ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە بىر پەردە بېكىتتىم، ئۇ پەردىدە سۈرەتلەر بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن كەلگەندە، پەردىدىكى سۈرەتلەرنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنى يىرتىپ تاشلىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇنى ئېلىپ، ئۇنى كېسىپ، ئۇنىڭدىن ئىككى پارچە يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ياستۇق تىكتىم.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىدە مەۋجۇت بولغان شەرىئەتكە خىلاپ بولغان سەلبىي ئىشلارغا بولغان پىرىنسىپى مانا مۇشۇنداق ئېنىق ۋە كەسكىن

---

(98) رواه الإمام أحمد وأصله في الصحيحين.

ئىدى. ئۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئۆز قولى بىلەن بۇ سۈرەتلەرنى ئېلىپ تاشلىدى.

بىر قېتىم ، . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەفىيە ھەققىدە ئازراق گەپ قىلدى. شۇ زامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كەسكىن رەددىيە بەردى. ئەبۇ داۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقلى قىلغان ھەدىستە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەفىيە ھەققىدە؛ مۇنداق مۇنداق... گەپلەرنى قىلغان ئىدىم: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: فقال "**لقدْ قُلتِ كلمةً لوْ مُزِجَتْ بمَاءِ البَحْرِ لَمَزَجتْه**" [99]. «ھەقىقەتەن سەن شۇنداق بىر سۆزنى قىلدىڭكى، ئەگەر بۇ سۆز دېڭىز سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلسا ئىدى، ئەلۋەتتە بۇ سۆز دېڭىز سۈيىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولاتتى.»

شۈبھىسىزكى، ئائىلە تەربىيەسىنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارغا كەسكىن رەددىيە بېرىشنىڭ ئائىلىنى توغرا ۋە ساغلام يوللار بىلەن قۇرۇپ چىقىشتا ئىنتايىن مۇھىم رولى بار.

ئەگەر بىر كىشى شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارغا كەسكىن رەددىيە بېرىشنى ھەمدە ئائىلىسىدىن بۇلارنى يوقۇلۇشىنى كىچىكتۈرگەن بولسا، ئۇ كىشى

---

([99]) . ومسدد أحد رواة الحديث.

ئۇمۇدسىزلەنمەستىن، بۇلارنى ئائىلىسىدىن يوقۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىش شەرئى تەكلىپتۇر؛ بىراق ئۇ بۇ ئىشلارنى تۈزەشكە كۆپ كۈچ چىقىرىشقا موھتاج بولىدۇ... شۇڭا، ئىشنى بېشىدا ، تۈنجى قەدەمدە رىتىمغا كىرگۈزۈش كېرەك .

ئائىلىدە مەۋجۇت بولغان شەرىئەتكە خىلاپ بولغان سەلبىي ئىشلارغا رەددىيە بەرمەستىن، سۈكۈت قىلىش بۇ ئائىلىنى ئاللە بۇيرۇغان ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىش يولىنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك بولغىنى، ئائىلىدىكى ئاتا-ئانىلار بۇ ئازغۇنلۇق يولىغا ئۇل سالىدۇ. ئائىلە تەدرىجىي توغرا يولدىن ۋە توغرا ئىسلامىي قائىدە-پىرىنسىپلاردىن يىراقلىشىدۇ...

بۇنىڭ مىساللىرى بەك كۆپتۇر... مەسىلەن: بالىلارنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىش ، ئاتىنىڭ ئائىلىدە ئەۋرەتلىرى ئوچۇق ھالەتتە ئولتۇرۇشى.. ئۇزۇن مەزگىل تېلىۋۇزۇر كۆرۈپ ئولتۇرۇش... ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار... ئاللە ئائىلىدە دادىنى ھاكىم قىلدى! بۇنى ئۇنىڭدىن كىم تارتىۋالالايدۇ...؟!

ئائىلىدە

## شەخىسلەردىكى تالانت-ئىقتىدارلارغا، شەخسىي پەرقلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك

الله پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ، ئۇلارغا تالانت-ئىقتىدارلارنى ئاتا قىلغاندا، بۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تالانت-ئىقتىدارلىرى باشقىلاردىن ئۆزگىچە پەرقلىق قىلىپ يارىتىلدى. بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىقتىدارلىرى بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. الله بۇنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿**وَرَفَعْنا بَعْضَكُم فَوقَ بعضٍ دَرَجات**﴾«ئاللاھ سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى، ئاللاھ سىلەرنى بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلامسىلەر، دەپ، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن) ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر» (سۈرە ئەنئام 165-ئايەت)

مەخلۇقاتلار ئارىسىدا بۇ ئارتۇقچىلىق بەزىلىرىنىڭ جىسمىدا، بەزىلىرىنىڭ ئىلمىدە، بەزىلىرىنىڭ تەپەككۇرىدا، بەزىلىرىنىڭ ماددىي ئىشلاردا... بىر-

بېرىدىن ئارتۇقچىلىقى بولۇشى مۇمكىن . اللە تالۇتتىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وقالَ لهَمُ نَبيُّهم إنَّ اللهَ قد بَعَثَ لكمْ طَالوتَ ملكاً قالوا أنَّى يكونُ لهُ المُلْكُ عَلينا ونحنُ أحقُ بالمُلكِ منه ولمْ يُؤْتَ سعةً مِنَ المَال قالَ إنَّ اللهَ اصْطَفاهُ عَلَيْكم وَزَادَه بَسْطةً فيْ العِلمِ والجسمِ واللهُ يُؤتي مُلْكَه مَن يشاءْ واللهُ واسعٌ عليمٌ﴾**[100].

«پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى. ئۇلار (پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ): «ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولىدۇ. (ئارىمىزدا پادىشاھ ئەۋلادلىرى بولغانلىقتىن) پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن ھەقلىقمىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ مال - مۈلكى كۆپ بولمىغان تۇرسا» دېدى. پەيغەمبەر: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قاۋۇل قىلدى، ئاللاھ سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ» دېدى»

(100) . البقرة / 247.

ئىسلام كىشىلەرگە، ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ماس ھالدا خىتاب قىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:

**"ما أنتَ بمحدثٍ قوماً حديثاً لا تبْلغه عقولُهم إلاَّ كانَ لِبَعضهم فِتْنة"**.«سەن يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن بىر قەۋمگە ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى قوبۇل قىلىپ، ئەگەشكۈدەك سۆزلەرنى قىلغىن! ئۇنداق قىلمىساڭ. بۇ ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۈچۈن پىتنە بولىدۇ. »

وورد عن علي رضي الله عنه: **حَدِثُّوا النَّاسَ بما يَطِيقُونَ أتحبُّون أنْ يُكذَّبَ اللهُ ورسولُه**[101]. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق ئەسەر كەلگەن: «كىشىلەرگە ئەقلى قوبۇل قىلغۇدەك سۆزلەرنى قىلىڭلار! سىلەر الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى يالغانغا چىقىرىشنى ياخشى كۆرەمسىلەر»

مانا بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىسلام كىشىلەر ئارىسىدىكى شەخسىي ئالاھىدە قابىلىيەتلەرنى ۋە پەرقلەرنى بايان قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام ئىنسانىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەسىلەن: ئېھتىمال ، ئەركىشى مۇھىم دەپ بىلگەن

---

([101]) . مسلم.

ئىشلارنى، ئايال كىشى مۇھىم دەپ بىلمەيدۇ. بالىلار مۇھىم دەپ بىلگەن ئىشلارنى ئاتا مۇھىم دەپ بىلمەسلىكى مۇمكىن . بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئوخشىماسلىقلارنى كونترول قىلىدىغان ئاساسلىق قائىدە ئۆزگەرمەيدۇ.

ئەگەر بۇ سۆز مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە تەتبىقلانسا، ئوخشاشلا بۇ سۆز ئائىلىگىمۇ تەتبىقلىنىدۇ. ئەر مۇھىم دەپ قارىغان ئىشنى، ئايال مۇھىم دەپ بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئائىلە مەسئۇللىرى بۇ پەرقكە دىققەت قىلىشى ھەمدە بۇنى ھاياتقا سەلبىي، ناچار تەسىر كۆرسىتىدىغان شەرىئەتكە مۇخالىپ نۇقتىلارغا بۇرىۋەتمەسلىكى كېرەك .

ئەڭ چوڭ ئۈلگىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بۇ نۇقتىلارنى بايان قىلغان ھەمدە بۇنداق نۇقتىلارغا ئىجابىي تەرەپلەردىن مۇئامىلە قىلغان ۋە بۇ ئىختىلاپلىق نۇقتىلارنى تەلىم-تەربىيە نۇقتىسىغا ئۆزگەرتكەن.

بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقلى قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:

كما في صحيح البخاري عن أنس قال كان النبي صلى الله عليه وسلم عند بعضِ نسائِه (صرح غير البخاري بأنها عائشة) فأرسلت إحدى أمهاتِ المؤمنين (وصرح غيره بأنها أم سلمة)

بصحْفة فيها طعام فضربتْ التي النبيُ صلى الله عليه وسلم في بيتها يدَ الخادم فسقطتْ الصحْفةُ فانفلقت فجمعَ النبي صلى الله عليه وسلم فلقَ الصحفة ثم جعل يجمعُ فيها الطعام الذي كان في الصحفة ويقول: **غارتْ أمُّكُمْ** ثم حبسَ الخادمَ حتى أتي بصحْفةٍ من عند التي هو في بيتها فدفع الصحفة الصحيحةَ إلى التي كُسرتْ صحفتها وأمسكَ المكسورة في بيت التي كسرت[102].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرغاندا ( بۇخارىدىن باشقىلار ئۇ ئايال ئائىشە ئىدى دەپ ئوتتۇرىغا قويغان) مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ باشقا ئايالى) ( بۇخارىدىن باشقىلار ئۇ ئايال ئۇممۇ سەلىمە ئىدى دەپ ئوتتۇرىغا قويغان) بىر قاچىدا تاماق ئەۋەتتى. رەسۇلۇللاھ تۇرغان ئۆيدىكى ئايالى (تاماقنى ئەكەلگەن) قۇل(خىزمەتچى)نىڭ قولىغا ئۇرۇۋىدى، قاچا يەرگە چۈشۈپ، چېقىلىپ كەتتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىنىڭ سۇنۇقلىرىنى يىغىپ، تاماقنى قاچىغا يىغىشقا باشلىدى ۋە: "ئاناڭلار (ئايالىنى دېمەكچى) كۈنلىدى" دېدى. ئاندىن ئۇ ئاشۇ ئۆيدىكى ئايالى بىر (ساق) قاچىنى ئەكەلگەنگە قەدەر

---

(102) . البخاري.

(تاماق ئەكەلگەن) قۇلنى كەتكۈزۈۋەتمىدى. ئۇ ساق قاچىنى قاچىسى چىقىۋېتىلگەن ئايالغا بىرىپ، چىقىلغان قاچىنى شۇ ئۆيدە قالدۇرۇپ قويدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھادىسىلەرگە قىلغان مۇئامىلىسى بىزگە نۇرغۇن ئائىلىلاردا مەۋجۇت بولغان، شەخسى پەرقلەرگە مۇئامىلە قىلىش يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ.

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغىمۇ مۇشۇ پەرقلەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا مۇئامىلە قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا ھەسەن ۋە ھۈسەن قاتارلىق نەۋرىلىرىنى كۆتۈرۈۋالاتتى.

كما رواه الإمام أحمد عن أبي هريرة قال: "**كنَّا نُصلي معَ رسولِ اللهِ صلَّى اللهُ عليه وسلم العشاءَ فإذا سَجَدَ وَثَبَ الحسنُ والحسينُ على ظهرِهِ فإذا رفعَ رأْسهُ أخذَهما بيدهِ مِنْ خلفه أخذاً رفيقاً ويضَعْهُما على الأرضِ فإذا عادَ عادَا حتى إذا قضَى صلاتَه أقعدَهُما على فخِذَيه**" (103).

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقلى قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋاتقان

(103). أحمد.

ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلسا، ھەسەن ۋە ھۇسەن قاتارلىق نەۋرىلىرى سەكرەپلا ئۇنىڭ ئۇچىسىغا چىقىۋالاتتى. سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرسە، ئۇ ئىككىسىنى قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ، يەرگە قوياتتى... نامازنى ئوقۇپ بولغاندا، ئۇ ئىككىسىنى يوتىسىدا ئولتۇرغۇزاتتى.»

باللار ئاتا-ئانىسىغا نامازدا ئېسىلغاندا نېمىدېگەن بەختلىك -ھە! نۇرغۇن كىشىلەر ئايالىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ ھاياتىدىكى بۇ شەخسى پەرقنى يوقاتماقچى بولۇپ، خاتالىشىپ كەتتى. ئۇلار بارلىق كىشىلەرنى ئۆز-ئارزۇسىغا بويسۇندۇرماقچى بولۇشىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە جېدەل - ماجىرا تۈگەپ ئۆتمەيدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە نەپرەتلىنىدىغان ئادەملىرى تۈگىمەيدۇ...

«ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىدا ھەممىسىنىڭ مەسلىلەرگە بولغان كۆز-قارشى ئوخشاش بولمايدۇ.»(104)

ئائىلە ھاياتى مېھرى -مۇھەببەت بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. قانداق كىشى باللىرىدىن بۇ مېھرى - مۇھەببەتنى يوقاتماقچى بولىدىكەن، ئۇ نەپرەتلىنىش، كۆڭۈلسىزلىكتىن باشقىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئاڭلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

---

(104) . عبد الكريم بكار/ العيش في الزمن الصعب.

ۋە سەلەپ-سالىھلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەن تەجرىبىلىك بىر دادا ھەرگىزمۇ بۇ شەخسىي پەرقلەرنى جېدەل -ماجىرا، ئىختىلاپ نۇقتىسىغا ئايلاندۇرىۋالمايدۇ. بەلكى، بۇ پەرقلەرنى ھېكمەت بىلەن تەربىيەلەش ۋە توغرا يولغا يېتەكلەش ۋاستىسىغە ئايلاندۇرىدۇ.

كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە تەربىيە ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە تېگىشلىك مىساللارنىڭ بىرى شۇكى، نۇرغۇن ئاياللار ئېرىنىڭ چىرايلىق، ياخشى سۆزلەرنى قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئاياللارنىڭ نەزىرىدە باشقا ھەرقانداق ئىشلاردىنمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئەر كىشى بولسا بۇنداق چىرايلىق سۆزلەيمەن دەپ، گەپنى ئۇزارتىپ، تەپسىلىي ، چىرايلىق سۆزلەشنى بولسا ئەرزىمەس، ئارتۇقچە ئىش، ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئالىدۇ ... دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، ئەر كىشى بۇ نۇقتىلارغا كۆڭۈل بۆلمىگەندە، ئايالنىڭ نەپرەتلىنىشىگە ئۇچرايدۇ.

شۇنىڭدەك، بەزى ئەۋلادلار دادىسىنىڭ ئىشتىن قايتقاندا، بىر قىسىم تاتلىق تۈرۈملەر ۋە ئويۇنچۇقلارنى ئالغاچ كىلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىدۇ. لېكىن ، نۇرغۇن ئاتىلار بۇ نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ دادىسىنىڭ ئىشتىن قايتىشىنى كۈتۈشتىكى شېرىن ئارزۇلىرى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ.

بالىلاردىكى يەنە بىر شەخسىي ئالاھىدىلىك بولسا، بالىلار ئويۇن-تاماشاغا تولىمۇ ئامراق كېلىدۇ . ئېھتىمال، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ بۇ شەخسىي قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلماسلىقى مۇمكىن ؛ ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ بۇ شەخسىي قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلمىسا، بۇ قىلمىش بالىلارنىڭ تەربىيە يولىغا سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن .

ھەقىقەتەن، بۇ شەخسىي پەرقلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ئىنتايىن مۇھىم ۋە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇپ، بىز مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بۇنىڭغا تولىمۇ ئېھتىياجلىقمىز. مانا بۇ ھايات ۋە ساغلام پىترەت بىلەن بىرگە داۋام قىلىدىغان تەربىيە ۋاسىتىدۇر.

ئائىلىدە

## ھەرخىل شەكىلى جەھەتتىكى يېتىملار ۋە تۇل ئاياللارنى ئازايتىش

ھەقىقەتەن، اللەنىڭ نەزىرىدە يېتىملەرنىڭ ئورنى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، يىتىملارغا كېيىل بولۇشقا قىزىقتۇرىدىغان ھەمدە يېتىملارنى قاقتى سوقتى قىلىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرىنى يەۋېلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەر كەلدى.

قال تعالى: ﴿**إنَّ الَّذينَ يَأْكُلُونَ أَمْوالَ اليَتَامى ظُلماً إنَّما يَأكُلُونَ في بُطُونِهِمْ ناراً وَسَيَصْلونَ سعيراً**﴾[105].

« زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ »

عن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال:

**" اجْتَنِبوا السبعَ الموبِقاتِ قالوا يا رسول الله وما هنَّ قال الشِّركُ بالله والسِّحرُ وقَتْلُ النَّفسِ التي حرَّمَ الله إلا بالحق**

---

(105) ـ النساء.

**وأكلُ الرِّبا وأكل مالِ اليَتِيمِ والتَولِّي يومَ الزَّحفِ وقَذْفُ المُحْصناتِ المؤمناتِ الغافلات**"(106).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقلى قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ھالاكەتكە ئېلىپ بارغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھتىن ساقلىنىڭلار!- دېدى. ساھابىلەر ئۇلار قايسى ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: اللەغا شېرىك كەلتۈرۈش؛ سېھرىگەرلىك قىلىش؛ الله ھارام قىلغان بىر جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈش؛ جازانە يېيىش؛ يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش؛ قوشۇن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا جەڭ مەيدانىدىن قېچىش؛ ئىپپەتلىك پاك ئايالالارغا تۆھمەت چاپلاش دەپ جاۋاب بەردى.»

ئىسلام يېتىمغا كېپىللىك قىلىشقا، تۇل ئايالالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا چاقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم: " **أنا وكَافلُ اليَتِيم فيْ الجنَّة هكذا وأَشَارَ بالسُبَّابة والوُسْطى وفرَّجَ بَيْنَهما شيئاً**" (107).

«مەن يېتىمغا كېپىللىك قىلغۇچى بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق بىرگە بولىمەن دەپ، كۆرسەتكەچ بارماق

---

(106) البخاري.

(107) . البخاري.

بىلەن ئوتتۇرا بارماقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بۇ ئىككى بارماقنى ئارىسىنى ئازراق ئاچتى.»

عن أبي هريرة قال قال النبي صلى الله عليه وسلم: **"السَاعِي على الأَرْمَلةِ وَالمسكِينِ كالمُجَاهد في سبيلِ اللهِ أَوْ القائمِ الليل الصَّائمِ النَّهار"** (108).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقلى قىلىغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «تۇل ئايالالارغا، مىسكىنلەرگە غەمخورلۇق قىلغۇچى اللە يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدقا ياكى كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈز روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.»

ئەگەر بىز ئۆزىمىزدىن: ئىسلام نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەردىنمۇ بەكراق تۇل ئايالالارغا، يېتىملەرگە غەمخورلۇق قىلىشنى بۇنچە قاتتىق تەكىتلەيدۇ؟! دەپ سوئال قويغان ۋاقتىمىزدا، شۇنداق جاۋابقا ئېرىشىمىزكى، بۇلار ئۆزىگە تەمىنات بېرىدىغان ، توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، مەسلىھەت كۆرسىتىدىغان يولباشچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. مانا بۇ ئۈچ يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئېغىپ كېتىشى ئەڭ ئاسان بولىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىسى ئىقتىسادى بولمىغانلىقى

(108). البخاري.

سەۋەبىدىن ئېغىپ كەتسە، بەزىسى يولباشچىسى، مەسلىھەتچىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئېغىپ كېتىدۇ .

شۇبھىسىزكى، ھەقىقىي يېتىم دېگەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھېس -تۇيغۇسىنى ھەرىكەتلەندۇرىدۇ-دە ئۇلار بۇ يېتىملەر ۋە تۇل ئاياللارغا بەس-بەستە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھالبۇكى، يېتىملار ۋە تۇل ئاياللارغا كۆڭۈل بۆلۈش بولسا ياخشى بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتى بۇنىڭغا بۇيرۇغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە مۇھىم ئىشلاردۇر.

لېكىن ، بۇ يەردە يەنە بىر تۇرلۇك يېتىملار ۋە تۇل ئاياللار باركى، ئۇلار ئېرى ياكى دادىسى بار تۇرۇپ يېتىم ۋە تۇل ئاياللارنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلاردۇر.

«دادىسى ياكى ئېرى ھايات كىشەنلىرىگە چۈشۈپ قالغان، لېكىن ، ئۇ ئۆلۈكنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئايالى ياكى ئەۋلادلىرىنىڭ ھاياتىغا قىلچە پايدىسى يوق»

ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەرخىل شەكىلدىكى يېتىملار ۋە تۇل ئاياللارنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبلىرى

مانا بۇ شەكىلدىكى يېتىملار ۋە تۇل ئاياللار ئىسلام دۇنياسىدا خىلمۇ-خىل شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئېرى ياكى دادىسى بار تۇرۇپ يېتىم ۋە تۇل ئاياللارنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغان يېتىملار ۋە تۇل ئاياللار.

ھەقىقەتەن، نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلار ئەۋلادلىرىنى يېتىم قىلىپ قويماقتا... مەسىلەن: نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلار ئىشتىن قايتقاندىن كېيىن، تاماق يەۋېلىپ، ئازراق ئارام ئېلىپلا، مۇئەييەن ئىقتىسادى شارائىتلارنىڭ نەتىجىسىدە، يەنە بىر ئىشقا كېتىپ قالىدۇ. بۇ ئاتا-ئانىلار ئۇ ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن كەچتە قايتىپ كېلىپ ئۇخلاپ، ئىككىنچى كۈنىدىكى ئىشلىرىغا تەييارلىق قىلىدۇ... ۋەھاكازالار.

شۇ سەۋەبتىن ، ئائىلە بۇنداق ئاتا-ئانىلارنىڭ تاماق يەيدىغان ۋە ئۇخلايدىغان قونالغۇسىغا ئايلىنىپ قىلىپ، بۇلار ئائىلىدىكىلەرنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھېچقايسى بىلەن مەشغۇل بولمايۋاتىدۇ. ھالبۇكى،

قۇرئان كەرىم بۇنداق كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وأمُرْ أهلَكَ بالصَّلاة واصْطَبر عليها لا نَسأَلُكَ رزقاً نَحْنَ نَرْزُقُكَ والعَاقِبةُ للتقْوى﴾ (109).

« (ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر »

نۇرغۇنلىغان ئەرلەر ئىقتىسادى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆزلىرىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىدىكى تۈرلۈك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۇنۇتماقتا... بۇ سەۋەبتىن بىر تۈرلۈك يېتىملار ۋە تۇل ئاياللار مەيدانغا كەلمەكتە.

يەنە بىر تۈركۈمدىكى ئەرلەر باركى، ئۇلار كۈندۈزلىرى ئىشلەيدۇ. كېچىلىرى بولسا كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىغىچە دوستلىرى بىلەن كېچىنى بىدار ئۆتكۈزۈپ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە بالىلىرى ئۇخلاپ كېتىدۇ . ئاياللىرى ئۇنىڭغا ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. بىراق، ئۇلار ئاياللىرىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشنى خالىمايدۇ. بۇنداق ئەرلەر

(109). طه / 132.

ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى چىقىمىنى قامداش بىلەنلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەۋلادلار بولسا ئاتىسىدىن ھېچقانداق يولىيورۇق، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە تەلىم-تەربىيەلەرنى ئۆگەنمەيدۇ... شۇنىڭ بىلەن، بىر بۆلۈك يېتىملار ۋە تۇل ئاياللار بارلىققا كېلىدۇ .

يەنە بىر تۈركۈمدىكى ئەرلەر باركى، ئۇلار خىزمەت سەۋەبىدىن، ئائىلىسىنى قامداش ئۈچۈن، گۈزەل كېلەچىكى ئۈچۈن ئايالى ۋە ئەۋلادلىرىدىن ئايرىلىپ يىراقتا خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلار ئاياللىرىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ ئۆزىدىن كۈتىدىغان ئېھتىياجلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

يەنە بىر تۈركۈمدىكى ئەرلەر باركى، ئۇلار كۈندۈزلىرى ئىشلەيدۇ. كېچىلىرى بولسا كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىغىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ كېچىنى بىدار ئۆتكۈزىدۇ. بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆي بىر كىنوخانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ھېچكىم ئۇلارغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالمايدۇ ۋە مۇھىم ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. ئەگەر باللار گەپ قىلىپ قالسا، باللارنىڭ ھالىغا ۋاي...

ھەقىقەتەن، ئاياللىرىمىز ۋە باللىرىمىز پەقەتلا مال-دۇنياغا، يېمەك -ئىچمەك، كىيىم كېچەكلەرگە ۋە ئۇندىن باشقا ماددىي نەرسىلەرگىلا موھتاج ئەمەس؛ بەلكى، ئۇلار كۆڭۈل بۆلۈشكە، كۆيۈنۈشكە، مېھرى - شەپقەتكە، ھاياتنى توغرا يول تەرەپكە باشلاشقا،

نازارەت قىلىشقا، يوليورۇق بېرىشكە ... ئوخشاش باشقا تەرەپلەرگىمۇ بەكمۇ موھتاجدۇر.

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئاز دېگەندىمۇ ھەپتىدە تۆت قېتىم بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدىغان بالىلارنىڭ جەمئىيەتتە ئىززەت-ئىكرام، ھۆرمەتكە ئېرىشىدىغانلىقى؛ ئائىلىسىنىڭمۇ ئېھتىياج - ئىنتىپاق بولىدىغانلىقىنى... ئوتتۇرىغا قويۇلدى. (110)

ئەمدى بىز نەزىرىمىزنى بۇ ھەقتىكى بىر بۆلۈك ھەدىسلەرگە ئاغدۇرىمىز:

*ما رواه البخاري عن أبي هريرة رضي الله عنه قال قبّل رسول الله صلى الله عليه وسلم الحسن بن علي وعنده الأقرع بن حابس التميمي جالساً. فقال الأقرعُ إنَّ ليْ عشرةً من الولد ما قَبَّلْتُ منهم أحداً فنظر إليه رسول الله صلى الله عليه وسلم ثم قال **"مَنْ لا يَرْحَم لا يُرحم"**.

بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقرە ئىبنى ھابىس بىلەن بىللە ئولتۇرغاندا، نەۋرىسى ھەسەن ئىبنى ئەلىنى

---

(110) صناعة القائد / د. طارق سويدان.

سۆيگەن ئىدى. : ئەقرە ئىبنى ھابىس مىنىڭ ئون بالام بار مەن ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ سۆيمەيمەن دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقرە ئىبنى ھابىسكە بىر قارىۋېتىپ مۇنداق دېدى.« (اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا) رەھىم قىلمىغان كىشىگە (اللە تەرەپتىن) رەھمەت قىلىنمايدۇ.»

*وقد روى الترمذي عن جابر بن سمرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: **"لَأَنْ يُؤَدِّبَ الرجلُ وَلَدَه خيرٌ مِنْ أنْ يتَصَّدقَ بِصَاعٍ**"(111).

تىرمىزى جابىردىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «بىر كىشىنىڭ بالىسىغا ئەدەپ-ئەخلاق ئۈگۈتۈشى بىر سا(112) نەرسە سەدىقە قىلغاندىن ياخشىراقتۇر.»

*وروى البخاري عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما قال لي النبي صلى الله عليه وسلم ألم أُخبَر أنك تقوم الليل وتصوم النهار قلت إني أفعل ذلك قال.. **وإنَّ لِنَفْسِك حَقاً ولِأَهْلِكَ حقاً فَصُمْ وأفطِرْ، وقُمْ وَنَمْ**.

---

(111) قال أبو عيسى هذا حديث غريب.

112 بۇ قەدىمقى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ھىجازلىقلار بۇنى 1120دىرھەم ئۆلچەمدىكى نەرسىگە ئىشلىتەتتى. ھازىرقى دوللارغا باراۋەر كېلىدىغان پۇل بىرلىكى.

بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىردىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن : «مەن سېنىڭ كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىڭدىن ۋە كۈندۈزى روزا تۇتىدىغانلىقىڭدىن خەۋەر تاپتىم-دېدى . مەن شۇنداق قىلىمەن دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ... سەندە ئۆزۈڭنىڭمۇ، ئەھلى- بالىلىرىڭنىڭمۇ ھەققى بار. شۇڭا، سەن بەزىدە روزا تۇتقىن، بەزىدە تۇتمىغىن. كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئۇخلاپ ئارام ئېلىپ، بىر قىسمىدا نامازمۇ ئوقۇغىن...دېدى.»

ئائىلىسىنىڭ ھەققى ھەرخىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىش ۋە ئۇلارغا يوليورۇقلارنى بېرىش ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىشتۇر.

جەمئىيەتتە ھەرخىل سۈرەتتىكى يېتىملەر ۋە تۇل ئاياللارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا دىققەت قىلمايۋاتىدۇ ۋە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ. مانا بۇ ئەھۋاللار ئىچكى تەرەپتىن ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ، ئائىلىدىكى ئاللەنىڭ ئەر-ئاياللار ئارىسىغا بېكىتكەن مېھرى -مۇھەببەت، سىلەر -رەھىم بۇلاقلىرىنى قۇرۇتۇپ تاشلاپ، ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان مېھرى -مۇھەببەت ئوتۇنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ.

ئى كەرەملىك رەببىمىز! مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى سەن رازى بولىدىغان ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئورۇندىشىمىز ئۈچۈن، بىزگە ئائىلىمىز ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى ھەقىقىي تونۇتقىن! بىزگە ئائىلىمىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى نېسىپ قىلغىن! بۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشنى نېسىپ قىلغىن!

قال: "**خَيْرُكُم خَيْرُكُم لِأَهْلِه**" الترمذي آمين.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئائىلىسىگە ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشىدۇر.».. ئامىين...!

# ئائىلىدىكى يۈزبەرگەن خاتالىقلارغا ئۆز يولىدا مۇئامىلە قىلىش

ئائىلىدە ئەۋلادلار ياكى ئاياللار قىلغان خاتالىقلارغا ئۆز يولىدا مۇئامىلە قىلىش بولسا، بىرخىل ماھارەت بولۇپ، ئاتا-ئانىلار بۇنى چوقۇم بىلىشى ۋە بۇ ھەقتىكى تالانتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىشى ھەمدە بۇ خاتالىقلارنى ئائىلىنى ۋەيران قىلىدىغان سەلبىي كۆچكە ئەمەس، بەلكى، ئائىلە بىناسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ئىجابىي كۆچكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك .

بىز ئەۋلادلىرىمىزدىن بىرى خاتالىق ئۆتكۈزدى دەپ پەرەز قىلىپ باقايلى! ئۇنداقتا، بۇ خاتالىقلارنى ھەق قىلىشتىكى ئىسلامنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى قايسى؟

نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلار، ئەر-ئاياللار ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ھەل قىلىشتا ئىسلامغا مۇخالىپ، ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى ئۇسۇللارنى قوللانماقتا. شۇنىڭ بىلەن بۇ خاتالىقلارنى ئىجابىي تەرەپكە ئۆزگەرتىشنىڭ يوقاپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، باشقا خاتالىقلارمۇ كېلىپ چىقماقتا. كېلىپ چىققان يېڭى خاتالىقلار ئائىلە ئەزالىرىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن خاتالىق ئۆتكۈزۈش

نىسپىتىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرماقتا. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە مۇرەككەپ، چىگىش، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر كېلىپ چىقماقتا. بۇنداق ئاقىۋەتلەرنىڭ مەنبەسى بولسا ئىسلامغا يات بولغان پىرىنسىپلارنى قوللانغانلىقتۇر.

اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يا أيُّها الَّذينَ آمَنُوا اسْتَجِيبُوا للهِ وللرَسُولِ إذا دَعَاكُمْ لِمَا يُحْيِيكُم واعْلَمُوا أنَّ اللهَ يَحُولُ بَيْنَ المَرءِ وقَلْبِهِ وأنَّه إِلَيْه تُحْشَرون**﴾[113].

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ). (قىيامەت كۈنى) سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر»

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتتىكى « لما يحييكم » دېگەن ئايەتنى « لما يصلحكم » سىلەرنى ئىسلاھ قىلىدىغان نەرسىگە دەۋەت قىلسا دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

---

[113]) الأنفال (24).

بىزنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ چاقىرىقىغا بەرگەن جاۋابىمىز بولسا، ئىسلاھاتقا چاقىرىش، ئىسلاھ قىلىش پىرىنسىپلىرىنى توغرىلاشقا چاقىرىش، ھەقىقىي مەنىسىدىكى ھاياتقا چاقىرىشتىن ئىبارەت.

ئائىلىدە بىرەر خاتالىق ياكى مەسىلە يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، دەرھال بۇ خاتالىقلارنى ساغلام ئىسلامىي پىرىنسىپ بويىچە ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم بىر قىسىم پىلانلىرى بولۇشى كېرەك .

ئىسلام بىزگە مۇشۇ خاتالىقلارنى ھەل قىلىشنىڭ لايىھە -پىلانلىرىنى سىزىپ بېرىپ ، بۇ ئىشلارنى ھەرقانداق زاماندا-ھەرقانداق ماكاندا مۇشۇ لايىھە بويىچە ھەل قىلىشى ئۈچۈن ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىدۇ.

## ئائىلىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئىسلامىي پىرىنسىپ بويىچە ھەل قىلىشنىڭ بىر قىسىم لايىھە -پىلانلىرى

بىز بۇيەردە ئائىلىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئىسلامىي پىرىنسىپ بويىچە ھەل قىلىشنىڭ بىر قىسىم لايىھە -پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

1-ھەقىقەتنى ئەڭ توغرا شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇش.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر، بولۇپمۇ باللار ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنىڭ ھەجىمىنى بىلمەيدۇ ھەمدە ئۇلار ئۆزلىرىنى خاتالاشقاتىمەن دەپ ئويلىمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى ئەيىبلەش قىيىنغا توختايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولسا، خاتالىقنى ئەڭ توغرا شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇش، باللارنىڭ كۆزلىرىدىكى پەردىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ زېھنىدىن يوقاپ كەتكەن ھەقىقەت بەلگىلىرىنى روشەنلەشتۇرۇش... مانا بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەمگە قىلغان ئىشلاردۇر.

فقد روى الإمام مسلم في صحيحه عن معاوية بن الحكم السلمي قال بينا أنا أصلي مع رسول الله صلى الله عليه وسلم

إذ عَطَسَ رجلٌ من القوم فقلت: يرحَمُكَ اللهُ فرماني القومُ بأبصارهم فقلت واثكل أمياه ما شَأنكم تَنْظرون إليَّ فجعلوا يَضْربون بأيديهم على أفخاذهم فلما رأيتهم يُصَمِّتُونَنِي سكتُّ فلما صَلَّى رسول الله صلى الله عليه وسلم فبأبي هو وأمي ما رأيتُ معلماً قَبله ولا بَعده أحسنُ تعليماً منه فو الله ما نَهَرَني ولا ضَرَبَني ولا شَتَمَني لكنَّه قال: "**إنَّ هذِه الصلاة لا يَصْلحُ فيها شيءٌ منْ كلامِ النَّاس إنَّما هو التسْبيحُ والتكبيرُ وقراءةُ القرآنِ**".

مۇسلىم مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەمدىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقاندا، بىر كىشى چۈشكۈرىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا « يرحَمُكَ اللهُ » اللە ساڭا رەھمەت قىلسۇن دېدىم. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلدى. مەن: ۋاي سىلەرگە نېمە بولدى؟! نېمىشقا ھەممىڭلار ماڭا قارايسىلەر دېدىم. ئۇلار بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، ھەممىسى يوتىسىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ مېنىڭ شۈك تۇرۇشۇم ئۈچۈن قىلغان بۇ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ گەپ قىلماي شۈك تۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندا، (ئاتا-ئانام ئۇنىڭغا پىدا بولسۇن.. مەن بۇنداق ياخشى تەلىم-تەربىيە بېرىدىغان كىشىنى بۇندىن بۇرۇنمۇ

كۆرمىگەن؛ بۇندىن كېيىنمۇ كۆرمىدىم.) ئۇ ماڭا قوپاللىق بىلەن كايىپمۇ كەتمىدى، ئۇرمىدى، تىللىمىدى. دېدىكى: نامازدا گەپ قىلىشقا بولمايدۇ. بەلكى، نامازدا تەكبىر، تەسبىھ، قۇرئان تىلاۋىتىلا قىلىنىدۇ-دېدى...»

مۇئاۋىيە تېخى بۇ ۋاقىتتىنا نامازدا گەپ قىلىش توغرا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇئاۋىيە قىلغان بۇ خاتا ئىشلارغا ئېسىلىۋالمىدى. بىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا ئۇسۇلى بولسا، ھەقنى ئەڭ توغرا شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇش؛ كايىماستىن، مالامەت قىلماستىن، تىللىماستىن كىيىنكى قېتىمدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلىش ئىدى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا، ئائىلىدىكى ئەزالار ئارىسىدا بىرەر ھادىسە ياكى خاتالىق يۈز بېرىپ قالغاندا، بۇنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى بولسا، ھەقنى ئەڭ توغرا شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇش؛ خاتالاشقان كىشىنى توغرا يولغا يېتەكلەش ؛ ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ياكى باتىل بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ھەقىقەتلەرنى ئەسلىتىش لازىم.

2-خاتالىقلارنى ئۆز ھەجىمىدىن ئاشۇرۇپ مۇبالىغە قىلماسلىق كېرەك

نۇرغۇن كىشىلەر ئائىلىدە يۈزبەرگەن خاتالىقلارنى ئۆز ھەجىمىدىن زىيادە ئاشۇرۇپ مۇبالىغە قىلىدۇ. بۇ ئائىلىدىكى كىچىك خاتالىقلارنى مۇبالىغە قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى، بۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇنداق قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. بۇ بالىلاردا نۇرغۇن پىسخىكا مەسىلىلىرىنى؛ ئېھتىمال، بىرقىسىم روھى قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن .

ئانىسىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشتا خاتالىشىپ كەتكەن جۇرەيجنىڭ قىسسىدە، ئانىسى ئۇنىڭ كىچىككىنە خاتالىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەد دۇئا قىلدى. (قاغىدى.)

فقد روى البخاري ومسلم عن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: **"لمْ يَتكلمْ في المهْدِ إلاّ ثلاثةٌ عِيْسى، وكانَ في بَني إسرائيل رجلٌ يُقالُ له جُرَيْج كانَ يُصلِّي جاءتْه أمُّه فدعَتْه فقالَ أُجِيبُها أو أُصلي فقالتْ اللَّهمَّ لا تُمِتْهُ حتى تُرِيَهُ وُجَوهَ المُومِسات وكانَ جُريجٌ في صَوْمَعته فتعرَّضَتْ لهُ امرأةٌ وكلَّمتْه فأبَى فأتتْ راعياً فأمْكنتْه منْ نفْسها فوَلَدتْ غلاماً فقالتْ منْ جُريج فَأَتَوْه فكَسرُوا صَوْمعتَه وأَنْزلُوه وَسَبُّوه فَتَوضأ وَصَلَّى ثُمَّ أتَى الغلامَ فقال منْ أبُوكَ يا غلامُ قال الراعِي قالُوا نَبني صَومَعتَك منْ ذَهبٍ قالَ لاْ إلاَّ منْ طِيْن...."**.

«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۆشۈكتىكى ۋاقتىدا، تېخى تىل چىقماي تۇرۇپ پەقەت ئۈچ بالا سۆز قىلدى، بىرسى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام، (بۇ ئايەتتە ئوچۇق سۆزلەنگەن)، ئىككىنچىسى بەنى ئىسرائىل ئىچىدە جۇرەيج ئىسىملىك بىر ئابىد بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئانىسى كېلىپ، ئۇنى چاقىردى، (گەرچە ئۇلارنىڭ دىنىدا نەپلە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى چاقىرسا جاۋاب بېرىش دۇرۇس بولسىمۇ، بۇ بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا ئەمەلدىن قالدى، دۇرۇس ئەمەس) ئۇ ئانامغا جاۋاب بېرەيمۇ؟ ياكى نامازنى ئوقۇۋېرەيمۇ؟ دەپ نامازغا تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا زىناخور پاھىشۋازنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمىگىچە ئۇنى ئۆلتۈرمىگىن دەپ دۇئا قىلدى، (ئەگەر زىنا قىلىشقا دۇئا قىلغان بولسا قىلىپ سالاتتى)، جۇرەيج ئىبادەت قىلىدىغان تاغ ئۈستىدىكى كەپىسىدە ئىدى، بىر ئايال كېلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا تەكلەپ سۆز قىلدى، جۇرەيج ئاللاھدىن قورقۇپ ئۇنىمىدى، ئاندىن ئۇ ئايال شۇ جايدىكى پادىچىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى تۇتۇپ بەردى، يەنى زىنا قىلدى، ئاندىن ئۇ بىر ئوغۇل بالىنى تۇغۇپ قويدى، ۋە بۇ بالا جۇرەيجنىڭ بالىسى دېدى، جامائەتلەر كېلىپ، جۇرەيجنىڭ ئىبادەتخانىسىنى چېقىۋەتتى، ئۇنى تاغدىن چۈشۈرۈپ، تىللاپ، ئەيىبلەپ، سازايى قىلدى، جۇرەيج تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ، بالىنىڭ

قېشىغا كېلىپ، ئى غۇلام، داداڭ كىم؟ دېدى، بالا: دادام پادىچى دېدى، (مانا بۇ كىچىك بالىنىڭ سۆز قىلىپ ئەۋلىيا، ئابىد جۇرەيجنى ئاقلىشى ئىدى) ئاندىن ئۇلار، بىز سېنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان كەپەڭنى ئالتۇندىن سېلىپ بېرەيلى دېدى، ئۇ: ياق، لايدىن سالايلى دېدى، ئۈچىنچى سۆز قىلغان بالا بولسا، بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئايال، بالىسىنى ئېمىتىۋاتاتتى، بۇ ئايالنىڭ يېنىدىن گۈزەل ھەيۋەتلىك، كىيىملىرى ئالىي، قامەتلىك بىر ئاتلىق كىشى ئۆتتى، ئايال: ئى ئاللاھ! بالامنى مۇشۇ كىشىدەك قىلساڭ دېدى، بالا شۇئان، ئېمىۋاتقان ئەمچەكنى قويۇپ، ئاتلىق كىشىگە ئالدىنى قىلىپ، ئى ئاللاھ، مېنى ئۇ كىشىدەك قىلمىساڭ دېدى، ئاندىن ئېمىشكە باشلىدى، ئاندىن كېيىن بۇ ئايال بىر دېدەك چۆرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئى ئاللاھ، بالامنى بۇنىڭدەك قىلمىساڭ دېدى، بالا يەنە ئېمىۋاتقان ئەمچەكنى قويۇپ، ئى ئاللاھ، مېنى مۇشۇ دېدەكتەك قىلساڭ دېدى، ئانىسى نېمە ئۈچۈن؟ دېدى، كىچىك بالا ئانىسىغا: ئاۋۇ ئاتلىق كىشى بولسا، زۇلۇمكەش، زالىم، زومىگەرلەردىن بىرىدۇر، بۇ دېدەك، چۆرە بولسا، كىشىلەر بۇنى ئوغرىلىق قىلدى، زىنا قىلدى دېيىشىدۇ ، ئەمەلىيەتتە ھېچ بىرىنى قىلمايدۇ دېدى. بۇخارى – 3181 ھەدىس، مۇسلىم – 4626 ھەدىس، ئەھمەد – 7726 ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.»

مانا بۇ ھادىسىدە جۇرەيجنىڭ كىچىككىنە خاتالىقى ئانىسىغا چوڭ كۆرۈنۈپ كېتىپ ، ئۆزىنى تۇتالماي، ئوغلىغا قارشى بەد دۇئا قىلدى.

ذكرها رسول الله صلى الله عليه وسلم في الحديث: **"لاْ تَدْعوا على أَنْفُسكم ولاْ تَدْعُوا على أَوْلادِكم ولاْ تَدْعوا على خَدَمِكم ولاْ تَدْعوا على أَمْوالِكم لا تُوافِقُوا منَ اللهِ تبارك وتعالى ساعةً نِيْلَ فيها عطاءٌ فَيَسْتَجيبُ لكمْ"**[114].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ زىيىنىغا بەد دۇئا قىلماڭلار! سىلەر بالىلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا بەد دۇئا قىلماڭلار! سىلەر خىزمەتچىلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا بەد دۇئا قىلماڭلار! سىلەر مال-مۈلۈكلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا بەد دۇئا قىلماڭلار! اللە دۇئالىرىڭلارنى ئىجابەت قىلىدىغان شۇنداق بىر سائەت باركى، بۇ ۋاقىتتا زىيىنىڭلارغا قىلغان بەد دۇئا توغرا كەلتۈرۈپ قويماڭلار! توغرا كېلىپ قالسا، بۇ بەد دۇئالىرىڭلار ئىجابەت بولۇپ كېتىدۇ .»

بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئائىلىدە يۈزبەرگەن خاتالىقلارنى ئۆز ھەجمىدىن زىيادە ئاشۇرۇپ مۇبالىغە

---

(114) أبو داود عن جابر بن عبد الله.

قىلىدىغان ئىشلار بەك كۆپتۇر. مەسىلەن: بىر بالىسى چاقىرغاندا جاۋاب بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى قاتتىق ئۇرىدۇ... بىر ئانا قىزىغا ئاياللار مەسىلىسى ھەققىدە نەسىھەت قىلسا، قۇلاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن قىزىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ...

مانا بۇ خاتا ئىش-ھەرىكەتلەر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش خاتا ئۇسۇللار ئائىلىدىكى خاتالىقلارنى ھەل قىلىش يوللىرىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ھازىرقى زاماندا بۇنداق خاتا ئىش ھەرىكەتلەر بەك كۆپ بولۇۋاتىدۇ . بىز ئائىلىمىزدىكى كىشىلەردە يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى بەك يۆگەپمۇ كەتمەي ياكى بەك مۇبالىغىمۇ قىلىۋەتمەي ئەينەن يولىدا ھەل قىلىش كېرەك . مەسىلەن: بەزى ئاتا-ئانىلار قىزلىرىنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ كىيىملەرنى كىيىپ، سىرتقا چىقىپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە كۆرمەسكە سالىدۇ ياكى كىچىك ئەمەسمۇ؟! ھېچنېمە بولمايدۇ-دەپ بۇنداق خاتالىقنى ئەسلى ھەجىمىدىن كىچىكلىتىپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۇسۇلدا نەسىھەت قىلمايدۇ... بۇمۇ ئوخشاشلا خەتەرلىك ئىش بولۇپ، ۋاقتىدا توغرا ئۇسۇلدا تۈزەتمىگەندە، بۇ خاتالىق تېخىمۇ يوغىناپ كېتىدۇ ...

3-بەزىبىر كىچىك خاتالىقلارنى بىلمەسكە سېلىش كېرەك .

بەزىبىر كىچىك خاتالىقلارنى كۆرمەسكە سېلىش ئىسلاھات خىزمىتىدىكى مۇھىم بىر ماھارەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئۇسۇل پەقەت ئائىلىدىلا ئەمەس، بەلكى، ئۇرۇق تۇققانلار ۋە دوست بۇرادەرلەر ئارىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

ماھىيەتتە، خاتالىقلارنى بىلمەسكە سېلىش دېگىنىمىز: خاتالىقلارنى قىلغان كىشىنى خىجىل قىلماي، ئىسلاھ قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ، نۇقسانلارنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى كۆرمەسكە سېلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ پايدىسى شۇكى، بۇنداق دېگەنلىك خاتالىققا كۆز يۇمۇپ، ئۇنىڭ جىنايەت پاتقىقىغا تېخىمۇ پېتىشىغا قىزىقتۇرۇشنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى، بۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ خاتا قىلغان بالىلارنى خىجىل قىلماي، مۇۋاپىق پۇرسەتتە، مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئىسلاھ قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ، بالىلىرى ئالدىدا ياشايدىغان گۈزەل ئەخلاقىنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەئرابى مەسچىتكە سىيىپ قويغاندا قوللانغان ئۇسۇلدۇر.

فقد روى البخاري عن أبي هريرة أن أعرابيا بال في المسجد فثار إليه الناس ليقعوا به فقال لهم رسول الله صلى الله عليه وسلم: **"دَعُوه وأَهْرِيقوا على بَوْلِه ذَنُوبَاً منْ ماء أو سجَلا من ماء فإنَّما بُعثتم مُيَّسرين ولمْ تُبْعثوا مُعَسِّرين"** وقد ذكر الله

أدب الإعراض والتجاهل في سورة التحريم بقوله: ﴿**فَعَرَّفَ بَعْضَهُ وَأَعْرَضَ عنْ بَعْضٍ**﴾.

بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دېگەن : بىر ئەئرابى مەسچىتكە سىيىپ قويغاندا، ھەممە كىشى ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «ئۇنى سىيگىلى قويۇپ بېرىڭلار! ئۇنىڭ سۈيدۈكىگە بىر چېلەك سۇ تۆكۈڭلار. چۈنكى، سىلەر ئاسانلاشتۇرش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. ھەرگىزمۇ تەسلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلمىگەن.»

**عن أنس بن مالك قال: بينما نحن في المسجد مع رسول اللَّه إذ جاء أعرابي، فقام يبول في المسجد، فقال أصحاب رسول اللَّه : مَه مَهْ، قال: قال رسول اللَّه : ((لا تزرموه، دعوه))، فتركوه حتى بال، ثم إن رسول اللَّه دعاه فقال له: ((إن هذه المساجد لا تصلح لشيء من هذا البول، ولا القذر، إنما هي لذكر اللَّه، والصلاة وقراءة القرآن))، أو كما قال رسول اللَّه.**

**قال: فأمر رجلاً من القوم فجاء بدلو من ماء فشنّه عليه**

«ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مەسچىتتىكى چېغىمىزدا بىر سەھرالىق ئەرەب

كېلىپ، مەسچىتنىڭ ئىچىگە سىيىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇنىڭغا: «توختا، ھەي! توختا! دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشقا ئارىلىشىپ «ئۇنى سىيىشتىن توسماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. ئۇ كىشى ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يېنىغا چاقىردى ۋە: « بۇ مەسچىتلەر سۈيدۈك ۋە نىجاسەت ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئاللاھنى زىكىر قىلىش، ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈنلا ياسالغان» دېدى ۋە جامائەتتىن بىرىنى بۇيرىدى، بۇيرۇقتا ئاساسەن ئۇ كىشى دەرھال بىر چېلەك سۇ ئەكېلىپ، سۈيدۈكنىڭ ئۈستىگە تۆكۈۋەتتى.»

اللە سۈرە تەھرىمدە باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى يۈزىگە سالماسلىق ۋە بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَعَرَّفَ بَعْضَهُ وَأَعْرَضَ عنْ بَعْض**﴾.«ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقان ئىدى، ئۇ (يەنى ھەفسە) ئۇنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان، ئاللاھ بولسا سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى (پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇنىڭغا (ھەفسەگە) ئۇ (يەنى ھەفسە) ئاشكارىلاپ

قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئېيتتى (يەنى يۈزىگە سالدى). بەزىسىنى ئېيتمىدى (يەنى يۈزىگە سالمىدى). پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ (يەنى ھەفسە): «بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟» دېدى، پەيغەمبەر: «ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار ئاللاھ خەۋەر قىلدى» دېدى» سۈرە تەھرىم 3-ئايەت.

4-خاتالىقنى كىنايىلىك سۆزلەر بىلەن ئومۇمىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇش.

بالىلارنىڭ قىلغان خاتالىقلىرىنى بىر ياكى بىر قانچە كىشىنىڭ خاتالىقى شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇش؛ بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى تەربىيىلىگەن ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ بەزى خاتالىقلارنى كىنايىلىك ئومۇمىي شەكىلدىكى سۆزلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قوياتتى. مەسىلەن: ئۇ مۇنداق دەيتتى. كىشىلەرگە نېمە بولغاندۇ... مۇنداق خاتا ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟! كىشىلەرگە نېمە بولغاندۇ... مۇنداق خاتا ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ ؟!

فقد روى البخاري عن عائشة أنها قالت صنع النبي صلى الله عليه وسلم شيئاً فرخص فيه فتَنَزَّه عنه قوم فبلغ ذلك النبي صلى الله عليه وسلم فخطب فحمد الله ثم قال **"ما بالُ أقوامٍ يتنَزَّهون**

**عن الشيء أصْنَعُه فوالله إنِّي لأعلَمُهم بالله وأَشَدَّهم لَه خَشْية"**.

بۇخارى ئائىشە ئانىمىزدىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دېگەن : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەرسە ياسىدى. ئاندىن ئۇنى كىشىلەرگە ياساشقا رۇخسەت قىلدى. كىشىلەر ئۇنى ياساشتىن ئۆزىنى تارتتى. مانا بۇ ئەھۋاللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلىدى. ئۇ ئاللەغا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

« كىشىلەرگە نېمە بولغاندۇ ؟! ئۇلار مەن ياسىغان نەرسىلەرنى ياساشتىن ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. اللە بىلەن قەسەمكى، مەن اللەنى ئۇلاردىنمۇ بەكراق بىلىمەن. مەن اللەدىن ئۇلاردىنمۇ بەكراق قورقىمەن... »

وروى الإمام أحمد في مسنده عن قتادة أن أنساً حدَّثهم أن النبي صلى الله عليه وسلم قال: **ما بالُ أقوامٍ يَرفَعُون أبصَارَهم في صلاتِهم**. قال فاشتد في ذلك حتى قال: **"لَيَنْتهُنَّ عنْ ذَلِك أو لَتُخْطَفَنَّ أبْصَارهم"**.

ئىمام ئەھمەد قەتادەدىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «كىشىلەرگە نېمە بولغاندۇ؟! ئۇلار نامازدا كۆزلىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈۋاتىدۇ (يەنى، نامازدا ئاسمانغا

قاراۋاتىدۇ) دېدى. ئۇلار بۇ قىلمىشنى تېخىمۇ داۋاملاشتۇرغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : كىشىلەر بۇ خاتالىقىدىن توختايدۇ.. ياكى بولمىسا ئۇلار كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ... »

مانا بۇ ھەدىسلەر ۋە ئۇندىن باشقا ھەدىسلەردە خاتالىقلار بىۋاسىتە ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلماستىن، بەلكى، ئىنسانىنىڭ ھېس -تۇيغۇسىغا ئازار بەرمەستىن، مۇئەييەن بىر كىشىگە قاراتماستىن، مۇجمەل ، ئومۇمىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بىزمۇ ئائىلىمىزدە بۇ ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا نېمىدېگەن موھتاجمىز -ھە؟!

## ئائىلىدە يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى ھەل قىلىشتا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تايانماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەر

ئائىلىدە يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى ھەل قىلىشتا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تايانماسلىق بىزگە نۇرغۇنلىغان ئاۋارىچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ : ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1-ئائىلىدە يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى ھەل قىلىشتا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تايانمىغاندا، ئائىلىدە خاتالىقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ، مۇرەككەپلىشىپ، ئاخىردا ئائىلىنى ۋەيران قىلىدىغان سەلبىي كۈچكە ئايلىنىدۇ.

2- ئائىلىدە يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى ھەل قىلىشتا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تايانمىغاندا، خاتالىقلارنى تۈزەشتە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالدىدا بىر پەردە قېلىپ قالىدۇ.

3-ئائىلىدە يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى ھەل قىلىشتا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تايانمىغاندا، بالىلار ھاياسىزلىشىپ كېتىدۇ . چۈنكى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ بارلىق خاتالىقى ئېچىپ تاشلىنىپ كېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىقىلماستىن نەپسى خاھىشلىرىغا بېرىلىپ كېتىدۇ ...

# ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى

- ئائىلىنى قوغداشقا قاتتىق ھېرىسمەن بولۇش
- سىرتقى ئالاقىلەردە نورمال بولۇش
- ئۆز ئارا بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇش
- بىر بىرىگە ياخشىلىق قىلىش، ئېھسان قىلىش، مۇناسىۋەت ئورنىتىش

گەرچە ئائىلە خاس سۈپەتلىرى، خاس ئېھتىياجلىرى، خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولغان مۇستەقىل مەۋجۇتلۇق بولسىمۇ، بىراق، ئائىلە يەنە باشقا ئائىلىلەر ۋە شەخسلەر بىلەن قوشۇلۇپ، چوڭ بىر جەمئىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇ ئائىلە ھايات مەيدانلىرىدا يالغۇز ياشىيالمايدۇ. بەلكى، ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ياكى ئەتراپىدىكى مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلە بىر بىرىدىن تەسىر قوبۇل قىلىدۇ.

ئىسلام ئائىلىنىڭ سىرتقى ئالاقىلىرىنى قائىدە-پىرىنسىپ بەلگىلىمەستىن، كۆرسەتمە بەرمەستىن ئۆز خاھىشىغا تاشلاپ قويمايدۇ. چۈنكى، ئائىلە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تۈنجى قورغانى بولۇپ، ئۇنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ ھەرقانداق

يېرىدە ئىسلام ئۇممىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان يوچۇق قالماسلىقى كېرەك .

ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى بەك مۇرەككەپ، مۇجمەل ، رەڭگارەڭ ئالاقە-مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئالاقە ئەر-ئايالنىڭ ھەربىرىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىدىن باشلاپ، ئەۋلادلارنىڭ ئانىسى تەرەپتىكى تاغا ئاكا-تاغا ئاچىلىرى، ئاتىسى تەرەپتىكى تاغا ئاكا-تاغا ئاچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بولغان مۇسىۋەتلىرىگىچە كېڭىيىپ ماڭىدۇ.

## ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىدا قوللىنىدىغان ئۇسۇللار

ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى تۆۋەندىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك :

1-ئائىلىنى قوغداشقا قاتتىق ھېرىسمەن بولۇش.

مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىدا قىلىدىغان تۈنجى ئىشلىرىنىڭ بىرى ئائىلىسىنى قوغداشقا قاتتىق ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك .

بۇ خىل ھېرىسمەنلىك شۇكى، ئۇ ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى جەريانىدا ئائىلىگە خىلمۇخىل ناچار ئىللەتلەرنىڭ يوشۇرۇن سىڭىپ كىرىشىنى توسۇش، ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلۇش، ناچار ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ئەنسىرەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمان ئائىلىسىنى قوغداشقا قاتتىق ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان.

ولقد أمرنا رسول الله عليه السلام بالحرص فقال:"**احْرِصْ على مَا يَنْفَعُكَ واسْتَعِنْ بالله ولا تَعْجز وإنْ أَصَابَك شيءٌ فَلا تَقُل**

**لوْ أنِّي فَعَلْتُ كان كذا وكذا ولكنْ قُلْ قَدَّرَ اللهُ وما شَاءَ فَعَلْ فإنّض لوْ تَفْتَحُ عَمَلَ الشَّيطان** " مسلم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «ساڭا پايدىلىق ئىشلارغا ھېرىسمەن بولغىن! اللەدىن ياردەم سورىغىن! بوشىشىپ قالمىغىن! (مۇشۇ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ) ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، مۇنداق قىلغان بولسام، مۇنداق بولاتتىكەن.. دېمىگىن. بەلكى، الله مۇشۇنداق تەقدىر قىلىپتۇ، الله نېمىنى خالىسا شۇ ئىش بولىدۇ-دېگىن. چۈنكى، « **لوْ**- ئەگەر.. » دېگەن بۇ سۆز شەيتاننىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.»

بۈگۈن مۇسۇلماننىڭ ئائىلىسىنى قوغداشقا ھېرىسمەن بولۇشتىنمۇ پايدىلىقراق بىر ئىش يوقتۇر. مەسىلەن: مۇسۇلمان كىشى بەزى كىشىلەرنى زىيارەت قىلغاندا، ئائىلىسگە سەلبىي تەسىر بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقىتتا، دەرھال بۇلار بىلەن ئالاقە قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك .

2-ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى نورمال بولۇشى كېرەك .

ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى نورمال بولۇشى؛ چېكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى؛ سەلمۇ قارىماسلىقى كېرەك . ئائىلىنىڭ سىرتقى

دۇنيا بىلەن بولغان ھەرقانداق ئالاقىسى چېكىدىن ئېشىپ كەتسە، خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوخشاشلا بۇ ئالاقىگە سەل قارىغاندا ئارىسى يىراقلىشىپ، مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىسلام بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئالاقە نورمال بولۇشى كېرەك .

# ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان نىشانلار

ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىدە تۆۋەندىكى نىشانلار ۋۇجۇدقا چىقىشى كېرەك .

1-ئۆز-ئارا تونۇشۇش.

توي قىلىش پەقەتلا ئەر-ئايالدىن ئىبارەت ئىككى شەخس ئوتتۇرسىدىكى ئالاقىلا بولماستىن، بەلكى، ئىككى ئائىلە ئوتتۇرسىدىكى ئالاقىدۇر. توي قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ كىشىلەرنى چۈشىنىش ئاساسى تېخىمۇ ئاشىدىغان بولۇپ، ئىسلام بۇنى ئوتتۇرىغا قويغان. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿يا أيُّها الناسُ إنَّا خلَقْنَاكُم منْ ذَكَر وأنْثَى وجَعَلْناكُم شُعوباً وقبائلَ لِتَعارفُوا إنَّ أَكْرَمَكُم عندَ اللهِ أتْقَاكم إنَّ اللهَ عليمٌ خبيرٌ﴾**(115).

« ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا ۋە

(115) . الحجرات / 13.

بىر ئاندىن ياراتتۇق، ئۇز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۇچۇن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر »

﴿وهوَ الَّذي خلَقَ منَ الماءِ بَشراً فَجَعَله نَسَباً وَصِهْراً وكانَ ربُكَ قَديرًا﴾[116].

« ئاللاھ ئىنسانىنى ئابىمەنىدىن ياراتتى، ئۇنى باللار نىسبەت بېرىلىدىغان ئەر ۋە قۇدا - باجىلىق پەيدا قىلىدىغان ئايال (دىن ئىبارەت ئىككى خىل قىلىپ) ياراتتى، پەرۋەردىگارىڭ ھەممىگە قادىردۇر »

توي قىلىش رىزىققا ئېرىشىش سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار مۇنداق دەيدۇ: «يېڭى تۇرمۇش قۇرۇش ئالاقىلىرى يېڭى رىزىقنىڭ مەنبەسىدۇر. [117].»

---

([116]) . الفرقان / 54.

([117]) . العيش في الزمان الصعب.

2-بىر بىرىگە ياخشىلىق قىلىش، ئېھسان قىلىش، مۇناسىۋەت ئورنىتىش

مانا بۇ «بىر بىرىگە ياخشىلىق قىلىش، ئېھسان قىلىش، مۇناسىۋەت ئورنىتىش» ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان تۇرلۇك ئالاقىسىدىكى ئەڭ مۇھىم نىشانلارنىڭ بولۇپ، بۇ ئۇرۇق-تۇققانچىلىقنىڭ نۇرغۇنلىغان ھەقلىرى بار.

**﴿وآتِ ذا القُربَى حقَّهُ والِمسكينَ وابْنَ السبِيلِ ولاْ تُبَذِّر تَبْذِيرًا﴾**[118].

« تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبىن ـ سەبىلگە (خەيرى ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن »

**﴿واعبُدوا اللهَ ولاْ تُشْرِكوا به شَيئاً وَبِالوَالديْن إحْساناً وَبِذِي القُرْبى واليَتَامَى والمَسَاكين والجَارِ ذِي القُرْبَى وَالجَارِ الجُنُبِ والصَّاحبِ بالجَنْبِ وابْنِ السَبيْل ومَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكم إنَّ اللهَ لاْ يُحبُ منْ كَانَ مُختالاً فخوراً﴾**[119].

(118) . الإسراء / 26.
(119) . النساء. / 36.

« ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر ، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ »

مانا بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ئالاقىلەر بولۇپ، ئىسلام بۇ ئالاقىلەردە ئىسلامنىڭ ئاساسى نىشانلىرىغا مۇۋاپىق ھالەتتە ئىش-ھەرىكەت قىلىش ۋە پىلان تۈزۈش ئەركىنلىكىنى مۇسۇلمانغا تاپشۇرغان. لېكىن ، ئىسلام مۇسۇلمانلارغا بۇ ئالاقىلەرنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ۋە لايىھەلىرىنى بەلگىلەپ بەرگەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

# ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىدىكى قەدەم باسقۇچلار

بىرىنچى باسقۇچ:ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى

ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى ھەققىدىكى قائىدە-پىرىنسىپلار ئىسلامنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپلىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلىشىدۇ.

1- ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن ھۆرمەت قىلىشى.

بۇنداق دېگەنلىك -ئەر ئايالىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئىززەت-ئىكرام بىلەن ھۆرمەت قىلىدۇ؛ ئۇلارغا ئۇلار ياقتۇرىدىغان ئىسىملار بىلەن خىتاب قىلىدۇ. يىغىلىش سورۇنلىرىدا ئۇلارنى ئالدىغا چىقىرىدۇ.

2-ئەر كىشىنىڭ ئايالىنىڭ تۇغقانلىرى ئالدىدا چۈپرەندە، ئەخلاقسىز سۆزلەرنى قىلماسلىقى.

ئەر كىشى ئايالىنىڭ تۇغقانلىرى ئالدىدا بولۇپمۇ، جىنسىي تۇرمۇشقا ئالاقىدار ئىشلار ۋە ئۇنىدىن باشقا ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، بۇنداق ئىشلاردا

ناھايىتى خىجىلچان، ھايالىق بولۇشى كېرەك . مۇسۇلمانىنىڭ خاراكتېرى بىر كىشىنى بىئارام قىلماسلىقتۇر. ئۇ قانداقمۇ ئايالىنىڭ تۇققانلىرىنى بىئارام قىلسۇن؟! .. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان فىقھى مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېيىشتىن باش تارتتى. چۈنكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. شۇڭا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى سوراشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتتى.

فقد روى الإمام مسلم عن علي قال: **كنتُ رجلاً مذاءً وكنتُ أستَحْيي أن أسأل النبي صلى الله عليه وسلم لمكانِ ابنتِه فأمرتُ المِقْداد بنَ الأسودِ فسأله فقال يغسلُ ذَكَرَهُ وَيَتَوضأ**.

مۇسلىم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن : «مەن كۆپ مەزى چىقىدىغان بىر كىشى ئىدىم. مەن بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىزىنىڭ سەۋەبىدىن سوراشتىن خىجىل بولۇپ قالدىم. (شۇنىڭ بىلەن بۇنى سوراشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا) مىقداد ئىبنى ئەسۋەدنى بۇيرۇدۇم . ئۇ بۇ مەسىلىنى سورىدى. پەيغەمبەر

ئەلەيهىسسالام: زەكىرىنى يۇيۇۋېتىپ، تاھارەت ئالىدۇ.-دەپ جاۋاب بەردى.»

3-ئەر كىشى ئايالىنىڭ تۇغقانلىرى ئالدىدا ئايالىنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلىماسلىقى كېرەك .

بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، نۇرغۇن ئەرلەر بۇ خاتالىقلارنى سادىر قىلماقتا.. ئەر كىشى ئايالىنىڭ تۇغقانلىرى ئالدىدا بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىدا بولسۇن ھەرقانداق ۋاقىتتا ئايالىنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلىماسلىقى كېرەك .

ئىسلام ئايالىنىڭ سىرلىرىنى باشقىلارغا ئاشكارىلىغان ھەرقانداق كىشىنى ئەڭ رەزىل كىشى ھېسابلايدۇ.

روى الإمام مسلم عن أبي سعيد الخدري قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: **"إنَّ مِنْ أشرِّ الناسِ عندَ اللهِ منْزلةً يومَ القيامةِ الرجلُ يُفْضِي إلى امرأتِه وتُفْضِي إليْهِ ثمَّ يَنْشُرُ سِرَّها"**

مۇسلىم ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن : «ھەقىقەتەن، قىيامەت كۈنى اللەنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋە جەھەتتە ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ رەزىل كىشى بولسا، ئايالى بىلەن بىرگە بولىدىغان ھەمدە ئايالىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىدىغان، ئۇنىڭدىن

كېيىن ئايالىنىڭ مەخپىي سىرلىرىنى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىپ يۈرگەن كىشىدۇر.»

ھەقىقەتەنمۇ ئايالىنىڭ سىرلىرىنى باشقىلار ئالدىدا ئاشكارىلاش ھارامدۇر. شۇڭا، ئىمام مۇسلىم سەھىھ مۇسلىمدا بۇ ھەقتە «ئايالىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاش ھارام » دەپ بۇنىڭغا مەخسۇس بىر باب ئاجراتقان.

4-ئەر كىشى ئايالىنىڭ ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى يوقلاپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىش كېرەك ياكى ئۆزى بىللە ئاپىرىپ يوقلاپ كېلىشى كېرەك . ئايالىنىڭ ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ئايالىنى يوقلاپ كىلىشىگىمۇ رۇخسەت قىلىشى كېرەك .

ئايال كىشىنىڭ ئاتا-ئانا ۋە تۇققانلىرىنى يوقلاپ كېلىشى ئارقىلىق كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدۇ ھەمدە بۇ ئاياللار ئۈچۈن قىلىنغان بىر ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئايالىنىڭ ئاتا-ئانا ۋە تۇققانلىرىغا ياخشىلىق قىلىنىۋېلىشىغا ياردەم قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەر-ئايال بىر-بىرىنى تېخىمۇ چۈشىنىدۇ. ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە تۇققانلىرىغا ئامراقلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ كىشى بىلەن توي قىلغانلىقىدىن تېخىمۇ خۇشال بولۇپ، ئېرىدىن تېخىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال ئائىلىسى ۋە ئېرىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق بىلەن بىرگە، ئائىلىسىغا تېخىمۇ

كۆيۈنىدۇ.... بۇگۈنكى، دەۋرىمىزدە، زادى كىملەر ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ...؟!

بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئەجەللىك خاتالىقلارنىڭ بىرى شۇكى، ئەر كىشى ئايالىنىڭ ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى يوقلاپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر پۈتۈن ئۈزۈپ تاشلىماقچى ھەمدە تومۇرىدا ئېقىۋاتقان قېنىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالىنىڭ ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى يوقلاپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ؛ چەكلەيدۇ؛ ئايالىغا تەھدىت سالىدۇ... ئاخىرىدا ئايال كىشى دائىم دەككە-دۈككە، بىئاراملىق ئىچىدە ياشايدۇ؛ بۇ بىئاراملىق ئائىلىدە نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ...

شۇڭا، ئايال كىشىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقە-مۇناسىۋەتلەر بۇ يەردە سۆزلىگەن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلامنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتمىلىرى بويىچە بولۇشى كېرەك . بۇ خىلدىكى ئىسلام كۆرسەتمىلىرى بويىچە بولغان ئالاقىلەر ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قارشى ئىش قىلغان ۋاقىتتا كېلىپ چىقىدىغان قاباھەتلىك يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىسىنى كۆپ خاتىرجەم قىلىدۇ. ئالاقىلەر ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قارشى ئېلىپ

بېرىلگان ۋاقىتتا، ئائىلىگە دائىملىق بېرىلىدىغان ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر سىڭىپ كىرىدۇ.

## ئىككىنجى باسقۇچ

### ئايال كىشىنىڭ ئەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى

ئايال كىشىنىڭ ئەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن نازۇك-ئىنچىكە بىر ئالاقىدۇر. چۈنكى، ئايال كىشى ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلىپ، ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان باشقا بىر ئائىلىگە يۆتكىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئايال كىشى ئەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىدىغان بولۇپ، ئايال كىشى ئۇلار بىلەن كۈندە بىرگە ئۆتىدۇ. شۇڭا، ئايال كىشى بۇ ئالاقىدە ئىنتايىن ماھىر ۋە چېچەن بولۇشى، ئەگەر بىرەر خاتالىق يۈز بەرسە، دەرھال پاراسەت بىلەن ھەل قىلىشى كېرەك .

### ئايال كىشىنىڭ ئەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ھەققىدىكى قائىدە-پرىنسىپلار

ئايال كىشىنىڭ ئەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئالاقە بولۇپ، ئىسلام بۇ ئالاقىنىمۇ ئىسلامنىڭ يۈكسەك نىشانلىرىغا ئۇيغۇن ھالەتتە ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1-ئايال كىشى ئەرنىڭ ئائىلىسىدىكى ئاتا-ئانا ئۇرۇق تۇغقانلىرىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك .

ئەرنىڭ ئاتىسى ئايالنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش؛ ئەرنىڭ ئانىسى ئايالنىڭ ئانىسىغا تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ئايال كىشى بۇلارنى ھۆرمەتلىشى ۋە ئۆز ئاتا-ئانىسىغا ئوخشاش كۆرۈشى كېرەك . چۈنكى، ئەركىشىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسىنى ئايالغا تەقدىم. بۇ ئايالغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھەدىيەدۇر. شۇڭا، ئايال بۇلارنى ھۆرمەتلىشى، قەدىرلىشى، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى؛ ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە ھەرخىل يىغىلىشلاردا ئۇلارنى ئاۋۋال ئويلىشى ۋە ئالدىغا چىقىرىشى ۋە ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىشى ... كېرەك . [120]

---

[120] ئايالLار شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، مەيلى قىز بولسۇن ياكى ئوغۇل بولسۇن ھەممىسىنى ئاتا-ئانىسى جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن بېقىپ، قارشى تەرەپكە ھەدىيە قىلىدۇ؛ بىراق، قىز ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە تۇرىدىغان بولغاچقا، ئوغۇل-قىز شۇلارنىڭ ئالدىدا ياشايدۇ. ئاتا-ئانا دىگەن پەرزەنتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدۇ. بىراق، پەرزەنت دىگەن ئاتا-ئانىسىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ... شۇڭا، قۇرئاندا اللە ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىڭلار دەپ بۇيرۇغان. ئاتا-ئانىسى بالىسىنىڭ پەقەتلا ئۆزى بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى، كىچىكىدىن باشلاپ بېقىپ، چوڭ قىلىپ، توي قىلىپ بەرسە، ئۆزىگە كۆيۈنمەي پەقەتلا ئايالى بىلەن بولۇپ كەتتى، بىزگە پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى... دىگەندەك ھەرخىل خىياللار ئۇلارنىڭ قەلبىنى بىئارام قىلىشى مۇمكىن. مانا مۇشۇنداق كىچىك ئىشلار توپلىنىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭ بىر نارازىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ھازىر ئائىلىسى بۇزۇلىۋاتقان كىشىلەرگە قارايدىغان بولساق ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى بىز كۆزگە ئىلمايۋاتقان كىچىك ئىشلار ئىكەنلىكىنى كۆرىۋاتىمىز. ھەقىقەتەن، ھەممىمىزنى ئاتا-ئانىمىز مۇشەققەت بىلەن باقىدۇ. ئۇلار ياشىنىپ قالغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ قەلبى بەك نازۇك كېلىدۇ... ئىنسان ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىدىن ئاددى ئىشلارغىمۇ تىز رەنجىپ قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئايال كىشى اللە رازىلىقى ۋە ئائىلىسىنىڭ بەختى ئۈچۈن قېيىنئاتا ۋە قېيىنئانىسىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

2-ئايال كىشى ئېرىنى ئاتا-ئانىسىغا ۋە ئۇرۇق تۇققانلىرىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىشى كېرەك .

ئەرنىڭ ئانىسى بۇ ئايال بىلەن مۇسابىقىلەشمەيدۇ. لېكىن ، ئۇ ئانا كۆز ئالدىدىكى ئوغلى باشقا بىر ئايال بىلەن ياشىغانلىقى ئۈچۈن جانجىگەر ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر ئانىدۇر. شۇڭا، بۇ ئانا ياشىنىپ قالغاندا ھاياتىدا بىر نەرسىسىنى يوقۇتۇپ قويغاندەك ھېس قىلىدۇ... دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتىنا، ئايال كىشى ئېرىنى كۆز ئالدىدىكى بۇ ئاتا-ئانىسىغا ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئاشكارا بىلدۇرۇشى؛ ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى كىشىلەر ئالدىدا سۆزلەش؛ ئېرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېرىنىڭ تۇققانلىرىغا سۆزلەش ئارقىلىق ئانىنىڭ زېھنىدا پەيدا بولغان بۇ ئىدىيەلەرنى يوقۇتۇشتا ھېكمەت ۋە پاراستىنى نامايان قىلىشى كېرەك . مانا بۇلار ئائىشە ئانىمىز بىلەن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئارىسىدا بولغان ئىشلاردۇر.

فقد روى الترمذي عن جميع بن عمير التيمي قال: **دخلت مع عمتي على عائشة فسئلت أي الناس كان أحب إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم قالت فاطمة**[121].

---

([121]) قال أبو عيسى هذا حديث غريب.

تىرمىزى ئىبنى ئۆمەيردىن نەقلى قىلىشىچە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن تاغا ئاچام بىلەن ئائىشەنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن: كىشىلەرنىڭ قايسىسى اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەڭ يېقىن دەپ سورىسام، ئۇ فاتىمە ئەڭ يېقىن دەپ جاۋاب بەردى.»

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دادىسىنىڭ ئايالى ئائىشە ئانىمىز دېگەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا، ئائىشە ئانىمىز ھەققىدە ياخشىلىقتىن باشقىنى ئويلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس.

3-ئايال كىشى ئەرنىڭ ئائىلىسىدىكى ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق تۇققانلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارنى دوست تۇتۇشى كېرەك .

بىر-بىرىنى يوقلاپ تۇرۇش جەمئىيىتىمىزدىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي كېسەللەرنىڭ شىپالىق دورىسى بولۇپ، ئۇ خىلمۇ-خىل كېسەللىكلەرگە شىپا قىلىدۇ؛ قەلبلەرنى ئىسلاھ قىلىدۇ؛ يىراقلىشىپ كەتكەن قەلبلەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ. قەلبلەردىن قوپاللىقنى يوقىتىدۇ. دەرد - ئەلەملەرنى يەڭگىللىتىدۇ.

ئىسلام كىشىلەرنى بىر-بىرىنى زىيارەت قىلىپ، يوقلاپ تۇرۇشقا قىزىقتۇرىدۇ. بولۇپمۇ، بۇ زىيارەتلەرنىڭ مەقسىتى اللە رازىلىقى ئۈچۈن بولغان

ۋە ئىسلامنىڭ بۈيۈك نىشانلىرىنى ئەمەلىلەشتۈردىغان بولسا، تېخىمۇ قىزىقتۇرىدۇ.

عن معاذ بن جبل رضي الله عنه قال: "إنّي سمعت رسولَ الله صلى الله عليه وسلم يقولك **قال الله عز وجل**: **"وجَبَتْ مَحَبَتِي للمُتَحَابِّين فيَّ والمتجالِسِينَ فيَّ والمُتَزَاورينَ فيَّ والمُتَبَاذِلينَ فيَّ"** (أحمد ومالك.)

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مۇھەببىتىم، ياخشى كۆرۈشۈم، دوست تۇتۇشۇم، مېنى دەپ، مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ، مېنىڭ يولۇمدا ئۆز-ئارا بىر – بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن، دوستلاشقان، بىرگە ئولتۇرغان، ئىلمى مەجلىس ئاچقان، مال – دۇنياسىنى ھەق ئۈچۈن تاپشۇرۇشتا مۇسابىقىلەشكەن، ئۆزئارا يوقلىشىپ، زىيارەت قىلىشقان، ئىتتىپاقداش بەندىلىرىم ئۈچۈندۇر. » (ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.)

بىر قىسىم كىشىلەر باشقىلارنى يوقلاپ تۇرۇشتىن يۈز ئۆرۈشى؛ بولۇپمۇ، كېلىنلەرنىڭ ئەرنىڭ ئائىلىسىدىكى ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق تۇققانلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشتىن باش تارتىشى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئائىلىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىتلەرنى

ئېلىپ كېلىشكە يول ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەرخىل يالغان ياۋىداق گەپلەرنى توشۇپ، ئائىلىنىڭ ئارىسىغا سوغاقچىلىقلارنى سېلىۋاتىدۇ...

4-ئايال كىشى ھەرقايسى تەرەپلەر ئارىسىدا ئاكتىپ، ئادىللىق مەيدانىدا تۇرۇشى كېرەك .

ئائىلىنىڭ سىرتقى ئالاقىلىرى باشقا ئالاقىلارغا ئوخشاشلا بوران-چاپقۇنلار ۋە خىلمۇ-خىل كېسەللىكلەرگە ئۇچرايدۇ. مۇسۇلمان بۇ بوران-چاپقۇنلار ۋە خىلمۇ-خىل كېسەللىكلەر ئالدىدا يامان كۆرىدىغان، پاسسىپ، سەلبىي مەيداندا تۇرۇۋالمايدۇ. بەلكى، ئۇ ھەرقايسى تەرەپلەرگە ھەرخىل مۇئامىلە ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ماھىرلىق بىلەن ئاكتىپ شەكىلدە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئادىللىق مەيدانىدا تۇرىدۇ؛ ياخشىلىقتىن باشقىنى دېمەيدۇ .. بىرىگە قارشى يەنە بىرىگە يانباسمايدۇ. بەلكى، ھەق مەيدانىدا تۇرۇپ، ئادىللىق بىلەن قەلبلەرنى خۇشال قىلىدىغان، بىر-بىرىنى خۇرسەن قىلىدىغان، بىر-بىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان ئىسلاھ قىلىش رولىنى ئۆتەيدۇ. مۇسۇلمان ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ياخشى سۆزلەرنى توشۇپ ئاپىرىپ، ياخشى سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، قەلبلىرىدىكى غەزەپ -نەپرەتنى يوقۇتۇپ، ئارىسىنى ئەپلەشتۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر ئايال كىشى ئائىلىدە ھەرقايسى تەرەپلەر ئارىسىدا كەسكىن ھالەتتە مەيدانغا چۈشكەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى شۇكى، ئۇ قولىدىن كېلىشىچە ئادىللىق بىلەن ھەق تەرەپتە تۇرۇپ، ئاكتىپ بولۇشى كېرەك . ھېچكىمگە يانباسماسلىقى ھەمدە ئارىنى ئىسلاھ قىلىشقا، ئىختىلاپلارنى تۈگۈتۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك .

قولَ النبي عليه السلام: **"ليس الكذَّابُ الَّذي يُصْلِح بينَ الناسِ فَيُنْمِي خَيراً أوْ يَقُولُ خيراً"** متفق عليه.

ئۇممە گۈلسۇم، شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ياخشى سۆزلەرنى توشۇپ ئاپارغان، ياخشى سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغان، ئەپلەشتۈرۈپ، ياراشتۇرغان كىشى كاززاپ ئەمەس، يالغانچى ھېسابلانمايدۇ.» (ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ ھەدىس)

كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ كېلىشتۈرۈش، ياراشتۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلىسە دۇرۇس.

## ئۈچىنچى باسقۇچ

## ئائىلىدىكى سىرتقى ئالاقىلەر ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىدىغان قائىدە-پىرىنسىپلار

1. "**منْ حُسنِ إِسلامِ المَرءِ تَرْكهُ مَالا يَعْنيه**"[122]. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىسلامى ئەڭ ياخشى بولغان كىشى ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر.»

بۇ پىرىنسىپ پۈتكۈل ئالاقىلەردە، بولۇپمۇ، ئائىلە مۇھىتىدا قوللىنىلىدىغان ئەڭ مۇھىم پىرىنسىپتۇر.

2. "**منْ كانَ يُؤمِنُ باللهِ واليَومِ الآخرِ فليُكرمْ ضيْفَه**"[123]. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى، الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان بولسا، مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن»

ئۆيگە كەلگەن مېھمانلىرىنى ھۆرمەتلەش بولسا ئۇلارنىڭ قەلبىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ؛ ئۇلار ئارىسىدىكى مېھرى - مۇھەببەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

---

(122). حديث حسن رواه الترمذي.

(123). متفق عليه.

3. **"تبَسُمُكَ في وجهِ أخِيكَ صدقَة"** و **"الكلمةُ الطيِّبةُ صدقةٌ"** (124). رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قېرىنداشىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قارىشىڭ سەدىقىدۇر. ياخشى سۆزمۇ سەدىقىدۇر.»

4-ئەر-ئاياللىق ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بەلگىلەش.

ئەر-ئاياللىق ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بەلگىلەش بولسا، ئائىلىنى خىلمۇ-خىل ناچار ئىللەت ۋە ناچار ئەخلاقلارنىڭ ئائىلىگە سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەيدۇ. ئۇ ئارقىلىق ئائىلىدە خاتىرجەملىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش... مانا بۇلار ئەر-ئايال بىرلىككە كېلىشكە تېگىشلىك بولغان ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر.

5-بىر قىسىم نازۇك مەسىلىلەر ھەققىدە بىرلىككە كېلىش كېرەك .

6-بالىلارنىڭ جېدەل -ماجىرالىرى چوڭلارنىڭ جېدەللىشىشكە ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك .

---

(124) . متفق عليه.

# تۆتىنچى باسقۇچ

## بالىلارنىڭ ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرى

بالىلارنىڭ ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرى نۇرغۇنلىغان سىقىلىش، مۇشكىلاتلار ۋە نۇرغۇنلىغان جېدەل -ماجىرالارغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، ئىسلام بۇ تەرەپلەرنىمۇ مۇشۇنداقلا تاشلاپ قويماستىن، بەلكى، بۇنىڭغىمۇ نۇرغۇنلىغان قائىدە-پىرىنسىپ ۋە يولتورۇقلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### بالىلارنىڭ ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ھەققىدىكى قائىدە-پىرىنسىپلار

1-بالىلار ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ يېنىدا قونۇپ قالسا بولىدۇ.

بولۇپمۇ، ئۇرۇق تۇققانلار بالىلارنىڭ سىرتقى ئالاقە ھەققىدىكى قائىدە-پىرىنسىپلىرىنى بىلىدىغان

ئۇرۇق-تۇققانلار بولسا، قونۇپ قالسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ بالىلارغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ. ئىبنى ئاباسمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا قونۇپ قېلىپ، كېچىدە تۇرۇپ، كېچىلىك نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگەنگەن ئىدى.

عن ابن عباس قال: **بِتُّ في بيتِ خالتي مَيْمونةَ بنتِ الحارث زوجِ النَّبي صلَّى اللهُ عليه وسلم وكان النَّبيُ صلى اللهُ عليه وسلم عنْدَها في لَيْلَتِها فصلَّى النَّبيُ صلى الله عليه وسلم العشاءَ ثمَّ جاءَ إلى مَنْزِله فصلَّى أرْبعَ رَكَعاتٍ ثمَّ نَامَ ثمَّ قامَ ثمَّ قالَ نامَ الغُلَيم أو كلمةً تُشْبهها ثمَّ قامَ فَقُمْتُ عنْ يَسَارِه فَجَعَلني عنْ يَمِينِه فصلَّى خَمسَ ركَعاتٍ ثمَّ صلَّى ركْعتَين ثمَّ نامَ حتى سَمِعْتُ غَطِيْطَه أو خَطِيْطَه ثمِّ خَرجَ إلى الصَّلاة** [125].

ئىبنى ئاباستىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، تاغا ئاچام مەيمۇنەنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدىم. بۇ كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇ ئۆيدە بولغان ئىكەن. ئۇ خۇپتەن نامىزىنى ئۇقۇغاندىن كېيىن ئۆيگە كېلىپ ، تۆت رەكەت ناماز ئوقۇدى ئاندىن كېيىن يېتىپ ئۇخلىدى. ئاندىن كېيىن

(125) . متفق عليه.

ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ بالا ئۇخلاپتۇ-دە دېدى ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر سۆزنى قىلىۋېتىپ، نامازغا تۇردى. مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇدۇم. ئۇ مېنى ئوڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئۇ بەش رەكەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن يەنە ئۆت رەكەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن ئۇخلىدى. مەن ئۇنىڭ خورەك تارتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئاندىن كېيىن ئۇ نامازغا چىقتى.»

بەزى كىشىلەر بالىلار ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ يېنىدا قونۇپ قىلىشنى ھېچقانداق شەرئىي پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانماستىن قاتتىق چەكلەيدۇ. مانا بۇ بالىلارنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئائىلىسىنىڭ سىرتىدىكى سىرتقى دۇنيانى كۆرۈشتىن چەكلەشتۇر. بالىلار سىرتقى دۇنيانى كۆرۈشكە قاتتىق قىزىقىدۇ؛ ئاتا-ئانىسى بۇنى چەكلەيدۇ. مانا بۇ ئىشلار بالىلارنىڭ كەلگۈسىگە قاتتىق يامان تەسىرلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن .

2-بالىلار ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا ياخشىلىق قىلىشى كېرەك .

مانا بۇ ئىشلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر بىخەۋەر بولۇپ، ئۇلار تۇققانلىرىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلماي، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ؛ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلمايدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار ئەۋلادلىرىنى بۇنداق ئەخلاقلار بىلەن تەربىيلىمەيدۇ.

ئىنسان قىلغان سەدىقىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا قىلىنغان سەدىقىدۇر.

فعن كُريب مولى ابن عباس أن ميْمونة بنت الحارث رضي الله عنها أخبرته أنها أعتقت وليدةً ولم تستأذن النبي صلى الله عليه وسلم فلما كان يومَها الذي يدورُ عليها فيه قالتْ أشَعَرتَ يا رسولَ الله أنّي أعتقتُ وليدَتي قال: "أو فعلتِ" قالتْ: نعم قال: **"أمَّا إنَّكَ لوْ أَعْطَيْتِها أخْوالَكِ كان أعظمُ لأجرِكِ"** [126].

كۇرەيبتىن نەقلى قىلىنىشىچە، مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا شۇنداق خەبەر بەردىكى، ئۇ بىر قۇلىنى ئازاد قىلىۋەتتى؛ ئۇ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىمىغان ئىدى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۆيگە كېلىدىغان كۈنىدە مەيمۇنە : مەن قۇلۇمنى ئازاد قىلىۋەتتىم دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام؛ شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ دېدى. مەيمۇنە: ھەئە، ئازاد قىلىۋەتتىم دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەن ئۇنى تاغا ئاچاڭغا بەرگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە ساڭا كاتتا ئەجىر بولاتتى.»

ئىنسان قىلغان ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا قىلىنغان ياخشىلىقتۇر.

(126) . متفق عليه.

فقد روى البخاري أن النبي عليه السلام قال: **"الخالةُ بمنْزلةِ الأمِّ"**

بۇخارىدىن نەقلى قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تاغا ئاچا (ئانا تەرەپ ئانىسىنىڭ ئاچىسى ياكى سىڭلىسى) ئانىنىڭ ئورنىدا.»

ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا قىلىنغان ياخشىلىق گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ.

عن ابن عمر قال أتى رسول الله صلى الله عليه وسلم رجل فقال يا رسول الله أذنبت ذنباً كبيراً فهل لي توبة فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم: "**أَلَكَ وَالِدَان**" قال: لا قال: "**فَلَكَ خَالَة**" قال: نعم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم: **"فَبِرَّها إذاً "**(127).

ئىبنى ئۆمەردىن نەقلى قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ ، مەن ئېغىر جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدۈم! مەن تەۋبە قىلسام قوبۇل بولامدۇ؟!-دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىنىڭ ئاتا-ئاناڭ بارمۇ؟-ھېلىقى كىشى: يوق-دېدى. پەيغەمبەر

---

(127) . أحمد.

ئەلەيھىسسالام : ئۇنىڭغا تاغا ئاچا (ئانا تەرەپ ئانىسىنىڭ ئاچىسى ياكى سىڭلىسى) بارمۇ؟-دېدى. ھېلىقى كىشى بار-دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغىن-دېدى.»

دادا تەرەپ تاغا ئاچىلىرى ۋە تاغا ئاكىلىرى، ئانا تەرەپ تاغا ئاچىلىرى ۋە تاغا ئاكىلىرى ئىسلام ياخشىلىق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلغان يېقىن ئۇرۇق تۇققانلاردۇر. بالىلارنى مانا بۇ تۇققانلىرىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئىنتىلىدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ئاتا-ئانىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

4-بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغان ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئۇرۇق –تۇققانلىرىدىن پەخىرلىنىشى.

مانا بۇ ئەڭ مۇھىم تەربىيە ۋاسىتىسى بولۇپ، ئىنسان ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغان ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئۇرۇق –تۇققانلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ. بۇ نۇرغۇنلىغان ياخشى نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1-بۇ ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

2-ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا مېھرى -مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ.

3-بالىلارنى مۇسۇلمان بولغان ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئۇرۇق –تۇققانلىرىنى ئۈلگە قىلىپ ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ تاغىسى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاستىن پەخىرلىنەتتى.

فقد روى الترمذي عن جابر بن عبد الله قال أقبل يَعدو؟ فقال النبي صلى الله عليه وسلم: **"هَذا خَالي فلْيُرِني امْرُؤٌ خالَه"**[128]، وكان سعد بن أبي وقاص من بني زهرة وكانت أم النبي صلى الله عليه وسلم من بني زهرة فلذلك قال النبي صلى الله عليه وسلم هذا خالي.

تىرمىزىنىڭ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقلى قىلىشىچە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇ مېنىڭ تاغام. ماڭا كىشى مۇشۇنداق تاغىسى بولسا كۆرسەتسۇن.»

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بەنۇ زۆھرە جەمەتىدىن بولۇپ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى بۇ جەمەتتىن ئىدى. شۇڭا، ئۇنى بۇ مىنىڭ تاغام دىدى.

مانا بۇ كاتتا ئۇلۇغ بولغان بۇ تەلىم-تەربىيە ۋاستىسىنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بالىلارنىڭ مۇسۇلمان بولغان ئالاھىدە ئىقتىدارلىق

---

([128]) . قال الترمذي هذا حديث حسن غريب.

ئۇرۇق - تۇققانلىرىنى ئۇلگە قىلىپ، ئۇلارغا ئەگىشىش روھى بىلەن تەربىيەلەشتە ئىنتايىن روز تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇندىن باشقا ئائىلىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىدۇ.

5-كىچىك قىزچاقنى چوڭ بولغاندا كەلگۈسىدە يەنە بىر ئوغۇلغا ئۆيلەپ قويىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماسلىقى كېرەك .

نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەردە ۋە قەبىلىلەردە مانا مۇشۇنداق خاتالىقلار يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار شۇنداق دېيىشىدۇ: كەلگۈسىدە بۇلار چوڭ بولغاندا بۇ قىزنى بۇ ئوغۇلغا توينى قىلىپ بىرىمىز ... دېيىشىدۇ. ئۇلار كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى باللار كىچىك بوۋاق ۋاقتىدا پۈتۈشۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كەلگۈسىدە بۇلار چوڭ بولۇپ، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرى يەنە بىرسىگە ياقمىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا قىزىقمىسا، خاپىلىقلار ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر، ئىختىلاپلار شۇ ۋاقىتتا يۈز بېرىشكە باشلايدۇ. ھەتتاكى، بىر-بىرىدىن مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بىرىدۇ...

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى كىچىك باللارنى كىچىك ۋاقتىدا بىر-بىرىگە باغلاپ قويماسلىق كېرەك . بەلكى، ئىشلارنى ئۆز ۋاقتى كەلگەندە بىر تەرەپ قىلىدىغانغا قالدۇرۇپ قويۇش

كىيرەك . چۈنكى، ئاللاھ قىزغا ئۆزى توي قىلماقچى بولغان يىگىتنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەردى؛ شۇنداقلا ئوغۇلغىمۇ ئۆزى توي قىلماقچى بولغان قىزنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەردى. ئەگەر كىچىك ۋاقتىدا بالىلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ قويسا، ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن تاللاش ئەركىنلىكىگە تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ.

ھەقىقەتەن، ئائىلىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى گەرچە ئىنتايىن مۇرەككەپ، چىگىش ئالاقە بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھايات مەيدانلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئالاقىدۇر. شۇڭا، ئاللاھ ئىگە قىلغان بۇ ئائىلىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن، ئاللاھ بىزدىن بۇ ئالاقىدە ئەڭ توغرا يولنى ئىزدەشنى تەلەپ قىلدى.

# بەخت -سائادەت يولىدا ئائىلىنىڭ ئۆز-ئارا چۈشىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش

ئۆز-ئارا ياخشى كۆرۈش، ئۆز ئارا چۈشىنىش ھايات ۋە بەخت سائادەتلىك ئائىلىنىڭ ئاساسىدۇر. ھەرقانداق ئائىلىدىن بۇ ئىككى ئۇقۇم يوقاپ كەتسە، بۇ ئائىلە اللەنىڭ يولىدىن باشقا بىر يولغا ئەگىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلە شامال چىقسىمۇ تەۋرەپ كېتىدىغان، بىر تامچە سۇمۇ ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىدىغان، ھاشارەتلەرمۇ ئۇنى پارچە-پارچە قىلىۋېتىدىغان ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىگە ئوخشاپ قىلىدۇ .

كىمكى، ئۆزى بىلەن ئايالى ۋە ئەۋلادلىرى ئارىسىدا ئۆز-ئارا چۈشىنىش ۋە ياخشى كۆرۈش بەلگىلىرى ۋە نۇقتىلىرىنى بەلگىلەپ چىقالمىسا، بۇنداق كىشى بەختسىزلىككە ، دائىملىق ھېرىپ - چارچاش، دائىملىق بىئاراملىقا ... دۇچار بولىدۇ. ئۇ توختىماي بەخت -سائادەتنىڭ كەينىدىن قوغلايدۇ. بىراق، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ . ئۇ بەخت -سائادەت ھەققىدە شۇنداق شېرىن چۈشلەرنى كۆرىدۇ. بىراق، ئۇ ئەمەلىيەتتە، بەخت -سائادەتنى تاپالمايدۇ.

ئېھتىمال ، ئائىلە ھاياتىدا ئۆز-ئارا چۈشىنىش ۋە ياخشى كۆرۈشنىڭ شەرئى ئاساسى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەر بولۇشى مۇمكىن . بىز بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كەلتۈرىمىز:

فمن الآيات قوله تعالى: **﴿ومنْ آياتِهِ أنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنْفُسِكُم أزواجاً لِتَسْكُنوا إليها وجعَلَ بَيْنَكُمْ مَودةً وَرَحمةً إنَّ فيْ ذَلِكَ لآياتٍ لقومٍ يَتَفَكَرون﴾** [129].

« ئايالللار بىلەن ئۇنىسى- ئۈلپەت ئېلىشىشلار ئۇچۇن (ئالللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر- خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئالللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۇچۇن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار »

دوستلۇق ۋە مېھرى -مۇھەببەت ئەر-ئايالىلىق ھاياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، دوستلۇق ۋە مېھرى - مۇھەببەتسىز بۇ ھاياتقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەر ئايالىنىڭ قەلبىنى خۇشال قىلىدۇ؛ ئايالمۇ ئەرنىڭ قەلبىنى خۇشال قىلىدۇ. ئەر ئايالىنىڭ غەملىرىنى ۋە مۇشكىلاتلىرىنى چۈشىنىدۇ؛ ئايالمۇ ئەرنىڭ غەملىرىنى ۋە مۇشكىلاتلىرىنى چۈشىنىدۇ.

---

([129]) . الروم / 21.

ئۆز-ئارا چۈشىنىش ۋە ياخشى كۆرۈشكە قىزىقتۇرىدىغان ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

ولهذا وجه النبي عليه السلام في الحديث الذي رواه الترمذي عن المغيرة بن شعبة أنه خطب امرأة فقال النبي صلى الله عليه وسلم: **"انظر إليها فإنَّه أحرى أن يُؤدم بينكما"** (130).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىرمىزى مۇغىيرە دىن نەقلى قىلغان ھەدىستە، ئۇنىڭ بىر ئايالغا توي تەكلىپى قويغانلىقىغا يوليورۇق بېرىپ مۇنداق دېگەن : ‹ئۇ ئايالنى كۆرگىن!! بۇ ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق،مېھرى -مۇھەببەت پەيدا قىلىشقا ئەڭ مۇناسىپتۇر›..

ئېھتىمال ، ئالماقچى بولغان قىزنى تويدىن بۇرۇن بىر قېتىم كۆرۈش ئىككىسى ئارىسىدا مېھرى -مۇھەببەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

ھەر بىر كىشىنىڭ الله ئاتا قىلغان ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بولىدۇ. شۇڭا، ئىنسان بۇ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بىلەن ياشايدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا تايىنىدۇ. بۇ خاراكتېر ئىنسان قاتتىق خۇشال بولغاندا ياكى قاتتىق ئاچچىقلىنىپ قايغۇرغاندا ئاشكارا بولىدۇ.

---

(130) . قال أبو عيسى هذا حديث حسن.

اللە ئەر-ئايال ئارىسىدىكى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئورنىتىلغان قويۇلغان توي تەكلىپىنى بەلگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرى چوقۇم بىر-بىرى بىلەن ئاكتىپ، ئىجابىي پوزىتسىيەدە بۇ ھايات سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئارزۇ قىلغان مېھرى -مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ھەمدە سائادەت يولىدا يولۇققان ھەرقانداق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشى كېرەك .

ئەر-ئايالنىڭ بۇ يولدا بىر-بىرىگە ئاكتىپ ماسلىشىشى ئۈچۈن، ئەر ئايالنىڭ خاراكتېرىنى بىلىشى؛ ئايالمۇ ئېرىنىڭ خاراكتېرىنى بىلىشى كېرەك . شۇڭا بىز بۇ تېمىنى « بەخت -سائادەت يولىدا ئائىلىنىڭ ئۆز-ئارا چۈشىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش» دەپ ئاتىدۇق.

ئەگەر بىر ئايال بۇ ھايات يولىدا ئېرى بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىپ مېڭىشقا بەل باغلىسا، بەخت سائادەت يولىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولسا، ئۇنداقتا، بۇ ئايال ئېرىنى ھەقىقىي چۈشىنىشى كېرەك . ئېرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىشى ھەمدە ئېرىنىڭ خاراكتېرىنى ئەڭ يۇكسەك شەكىلدە، خىلمۇ-خىل ئۇسۇللار بىلەن چۈشىنىشكە تىرىشىشى كېرەك . بۇ چۈشۈش شۇ دەرىجىگىچە يېتىپ بېرىشى كېرەككى، ئايال بۇ ئارقىلىق ئائىلىدىكى ئۆز-ئارا چۈشىنىش

مەسىلىسىنى پۈتۈنلەي ھەل قىلىشى، بۇ ئارقىلىق ئېرى ۋە ئائىلىسى بىلەن تىنچ -ئامانلىقتا، اللە زىكرى قىلغان مېھرى -مۇھەببەت ساھىلىغا يېتىشى كېرەك .

ئەگەر ئەر كىشى بۇ ھايات يولىدا ئايالى بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىپ مېڭىشقا بەل باغلىسا، بەخت سائادەت يولىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولسا، ئۇنداقتا، بۇ ئەر ئايالىنى ھەقىقىي چۈشىنىشى كېرەك . ئايالىنى چۈشىنىشكە تىرىشىشى ھەمدە ئايالىنىڭ خاراكتېرىنى ئەڭ يۇكسەك شەكىلدە، خىلمۇ-خىل ئۇسۇللار بىلەن چۈشىنىشكە تىرىشىشى كېرەك . بۇ چۈشۈش شۇ دەرىجىگىچە يېتىپ بېرىشى كېرەككى، ئەر كىشى بۇ ئارقىلىق ئائىلىدىكى ئۆز-ئارا چۈشىنىش مەسىلىسىنى پۈتۈنلەي ھەل قىلىشى، بۇ ئارقىلىق ئايالى ۋە ئائىلىسى بىلەن تىنچ -ئامانلىقتا، اللە زىكرى قىلغان مېھرى -مۇھەببەت ساھىلىغا يېتىشى كېرەك .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى ھەقىقىي چۈشىنەتتى.

وقد كان النبي صلى الله عليه وسلم يعرف زوجاته حق المعرفة حيث روى الإمام مسلم والإمام أحمد عن عائشة رضي الله عنها قالت: قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم: " **إِنِّي لَأَعْلَمُ إِذَا**

**كنْتِ عنِّي رَاضِيةً وإذا كُنتِ عليَّ غَضْبَى"** قالت: فقلت من أين تعرف ذلك فقال: **"أمَّا إذا كُنتِ عنِّي رَاضيةً فإنَّك تَقُولِينَ لاْ وَرَبِّ محمَّد وإذا كنْتِ عليَّ غَضْبَى قُلْت لاْ وَرَبِّ إبْرَاهيم"** قالت: قلت أجل والله يا رسول الله ما أهجر إلا اسمك.

ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد ئائىشە ئانىمىزدىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئەگەر سەن مەندىن رازى بولساڭ ھەمدە مەندىن نارازى بولۇپ، ماڭا غەزەپلەنسەڭ، ئەلۋەتتە، مەن بۇنى بىلىۋالىمەن... دېدى.» ئائىشە ئانىمىز: سەن بۇنى قانداق بىلىسەن دەپ سورىسام ئۇ مۇنداق دېدى: « ئەگەر سەن مەندىن رازى بولساڭ: مۇھەممەدنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى،.. دەيسەن؛ ئەگەر سەن ماڭا غەزەپلەنسەڭ: ئىبراھىمنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى،.. دەيسەن-دەپ جاۋاب بەردى.» ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: توغرا، مەن شۇنداق دەيمەن. ئى رەسۇلۇللاھ! اللە بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت سىنىڭ ئىسمىڭنى تەرك ئەتمەيمەن-دېدىم.

فەتھۇل باردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ(**"إنِّي لَأَعْلَمُ إذَا كنْتِ عنِّي رَاضِيةً وإذا كُنتِ عليَّ غَضْبَى"**) دىگەن بۇ سۆزى ھەققىدە ئىنچىكە تەپسىلاتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر كىشىنىڭ ئايالىنىڭ ئۆزىگە بويسۇنغانلىقى ياكى بويسۇنمىغانلىقى

ھەققىدىكى سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ئايالنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىۋالايدىغانلىقى ھەمدە بۇ ئىشتا ئايالغا شۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھۆكۈم قىلىشنى بىلىۋالايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆزىدىن رازى بولغانلىقى ياكى غەزەبلەنگەنلىكىنى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانلىقى ياكى سۈكۈت قىلغانلىقىدىن ئېنىق بىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانلىقى ياكى سۈكۈت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ھالەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن رازى بولغان ياكى غەزەپلەنگەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

مانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مۇبارەك ھەدىستە بىزگە: ئايال كىشىنىڭ خاراكتېرىنى ، ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىش ھەمدە ھەرقانداق ۋاقىتتا شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىش-ھەرىكەتلەرنى ۋە چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەكلىكىنى تەلىم بىرىدۇ. مانا بۇ خاتالىشىپ كەتمەسلىككە، ئەھۋالنى ئېنىق بىلىشكە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئايالنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق تەتقىق قىلىپ، توغرا ھۆكۈم چىقىرىشقا ھەمدە شارائىتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

مانا بۇ ئائىلىنىڭ ئۆز ئارا چۈشۈش ھاسىل قىلىشى ئەر-ئاياللىق ھاياتىنى بەخت -سائادەت ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولۇپ،

ئەگەر ئىنسان ئايالى بىلەن بولغان بۇ چۈشىنىشنى ھەل قىلالىسا، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ ئائىلىسى ئولتۇرغان بۇ ھايات كېمىسىنى دوستلۇق ۋە مېھرى - مۇھەببەت ساھىلىغا ساق-سالامەت ھەيدەپ بارالايدۇ.

ئىسلامنىڭ بۇ پىرىنسىپلىرىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر بولسا، ئائىلىسى ئولتۇرغان بۇ ھايات كېمىسىنى بىر-بىرىدىن نەپرەتلىنىدىغان، دائىملىق بىئاراملىق، ئۇرۇش-جېدەل ... قىرغاقلىرىغا بۇ ھايات كېمىسى ۋە ئائىلىسىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ھەيدەپ بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىل ھالاكەتنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ما عبرَ عنه رسول الله صلى الله عليه وسلم بالكسر عندما قال: " **وَكَسْرُها طَلَاقُها** "[131].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئايالنىڭ ۋەيران بولۇشى ئۇنىڭ تالاق قىلىنىشىدۇر.»

ئايال كىشىمۇ بۇ ھايات كېمىسىنىڭ تىنچ -ئامان، خاتىرجەم، ساق-سالامەت مېڭىشىغا مۇناسىپ شەرت-شارائىتلارنى تەييارلىشىلىشى ئۈچۈن ئېرىنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق بىلىشى كېرەك .

---

([131]) . مسلم.

# ئائىلىدىكى ئۆز-ئارا چۈشىنىش مەسىلىلىرىنى ھەق قىلىش يولىدا زۆرۈر بولغان ئەمەلى ئەڭ مۇھىم قەدەم باسقۇچلار

1-ئەر-ۋە ئايال ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق -مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇشتا راستچىل، سەمىمىي نىيەتتە بولۇشى كېرەك

عن عائشة رضي الله عنها قالت سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول: "**الأرواحُ جنُودٌ مُجَندةٌ فَما تعَارفَ منها ائْتلَف وما تَنَاكرَ منْها اخْتَلَف**"[132].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «ئىنسانىنىڭ روھلىرى ھەرخىل بولىدۇ. بۇ روھلاردىن ئۆز-ئارا چۈشىنىشەلەيدىغانلىرى بىرلىشەلەيدۇ. بۇ روھلاردىن چۈشۈنىشەلمەيدىغان، بىر-بىرنى ئىنكار قىلغانلىرى بولسا، چىقىشالماي بىر-بىرى بىلەن قارشىلىشىدۇ.»

---

(132) . البخاري.

فەتھۇل باردا بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ھەققىدە ئىبنى قەييىم جەۋزيي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستىن شۇنداق پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدۇكى، ئەگەر بىر ئىنسان ئەتراپىدىكى ئىقتىدارلىق، سالىھ كىشىلەردىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالسا، بۇ ھەقتە بىر ئىزدىنىپ، بۇنداق سۆكۈلىدىغان رەزىل سۈپەتلەردىن قۇتۇلۇش ۋە ئۇنى يوقۇتۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك .»

ئىبنى قەييىم جەۋزىينىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بىز شۇنى بىلىۋالايمىزكى، ئەگەر ئەر كىشى سالىھ ئايال ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان ئىتائەتچان ئايالى بىلەن ئۆز-ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقا قادىر بولالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇ چوقۇم ئۆزىنى قايتا تەكشۈرۈپ، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشى كېرەك . ئېھتىمال ، ئۇ ئۆزى بىلەن ئايالى ئوتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان بۇنداق رەزىل سۈپەتلەرگە چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن .

شۇنداقلا، ئەگەر ئايال كىشى سالىھ، تەقۋادار كىشى ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان ئېرى بىلەن ئۆز-ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقا قادىر بولالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇ چوقۇم ئۆزىنى قايتا تەكشۈرۈپ، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشى كېرەك . ئېھتىمال ، ئۇ ئۆزى بىلەن ئېرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان

بۇنداق رەزىل سۇيىقەستلەرگە چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن .

ھەقىقەتەن، بۇ ئۆز-ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ھەر ئىككى تەرەپ راستچىل، سەمىمي نىيەتتە بولۇشى كېرەك . چۈنكى، ئىنسان ئۆزىدىن بۇنداق سۇيىقەستلەرنى يوق قىلىشقا تىرىشىدۇ.

2- ئايال ئەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى بىلىشى ۋە ئەرمۇ ئايالنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى بىلىش كېرەك . يەنى، ھەر ئىككى تەرەپ بىر بىرىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسلۇبىنى بىلىش كېرەك .

اللە ئىنساننى خاراكتېرى، تەپەككۇرى، ئىش-ھەرىكىتى قاتارلىق تەرەپلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىق ھالدا ياراتتى. مانا بۇ ئوخشىماسلىق ئىنسانىيەت ئارىسىدا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ.

مۇسۇلماندىن بۇ ئىختىلاپلارنىڭ ئۇلارنى ئۆز-ئارا نەپرەتلىنىشكە، تاشلىۋېتىشكە، يامان كۆرۈشكە ئېلىپ بارماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلاردىن بۇ خىلمۇ-خىل پىكىرلەرنىڭ بولۇشىنى توغرا چۈشۈنۈپ، بىر-بىرىگە ھېكمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئىسلامنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۆزگەرمەس ئومۇمىي سۈپىتى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، بۇ سۈپەت ئەر-

ئايال ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، مۇستەھكەم ئومۇملىشىشى كېرەك . چۈنكى، مانا بۇ ئىختىلاپلار ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىدىن نەپرەتلىنىشكە سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى، تۇرمۇشتا بۇنداق خىلمۇ-خىل پىكىرلەرنىڭ بولۇشىنى توغرا چۈشىنىپ، بىر-بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىشى كېرەك . بۇلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن چوقۇم ئايال ئەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى بىلىشى ۋە ئەرمۇ ئايالنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى بىلىش كېرەك.

دوكتور تەكرىيتىي مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق شەخسنىڭ مۇئەييەن ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك ياكى شەكىلدە بولىدۇ ياكى ئاڭلاشتا بولىدۇ ياكى ھېس - تۇيغۇسىدا بولىدۇ. جېدەللىشىۋاتقان ئەر-ئايالغا قاراپ باقمامسەن! ئۇلار بىر-بىرىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا، ئەر دەيدۇكى، مەن ساڭا گۈزەل كىيىملەرنى ۋە قىممەتلىك ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى ئېلىپ بەردىم... دەيدۇ. بىراق، ئايال كىشى دەيدۇكى، مەن سۆزۈڭنى چۈشىنەلمىدى.... دەيدۇ. ئەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى شەكلى بولىدۇ. ئايالنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئاڭلاشتا بولىدۇ. چۈنكى، ئايال كىشى باغۇ-بوستانلارغا نەزەر سېلىشنى ئەمەس، بەلكى، ئېرىدىن گۈزەل سۆزلەرنى ئاڭلاشنى خالايدۇ. جېدەل قىلىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ ئايالىنى ئىككى ئېغىز تاتلىق سۆزلەر

بىلەن رازى قىلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. بىراق. تولىمۇ ئەپسۇس... » [133].

3-ئەر-ۋە ئايال ھەر ئىككى تەرەپنىڭ روھى ھالىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك .

ھەقىقەتەن، بۇ تەرەپنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روشەنلەشتۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ ئاياللىرىنىڭ روھى ھالەتلىرىنى تولۇق بىلەتتى.

الإمام مسلم والإمام أحمد عن عائشة رضي الله عنها قالت: قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم: " **إِنِّي لَأَعْلَمُ إِذَا كنْتِ عنِّي رَاضِيةً وإذا كُنتِ عليَّ غَضْبَى**" قالت: فقلت من أين تعرف ذلك فقال: "**أمَّا إذا كُنتِ عنِّي رَاضيةً فإنَّك تَقُولِينَ لاْ وَرَبِّ محمَّد وإذا كنْتِ عليَّ غَضْبَى قُلْت لاْ وَرَبِّ إبْرَاهيم**" قالت: قلت أجل والله يا رسول الله ما أهجر إلا اسمك.

ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد ئائىشە ئانىمىزدىن نەقلى قىلىنغان ھەدىستە، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : «ئەگەر سەن مەندىن رازى بولساڭ ھەمدە مەندىن نارازى بولۇپ، ماڭا غەزەپلەنسەڭ، ئەلۋەتتە، مەن بۇنى بىلىۋالىمەن...

(133) . د. محمد التكريتي آفاق بلا حدود

دېدى.» ئائىشە ئانىمىز: سەن بۇنى قانداق بىلىسەن دەپ سورىسام ئۇ مۇنداق دېدى: « ئەگەر سەن مەندىن رازى بولساڭ: مۇھەممەدنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى،.. دەيسەن؛ ئەگەر سەن ماڭا غەزەپلەنسەڭ: ئىبراھىمنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى،.. دەيسەن-دەپ جاۋاب بەردى.» ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: توغرا، مەن شۇنداق دەيمەن. ئى رەسۇلۇللاھ! اللە بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت سېنىڭ ئىسمىڭنى تەرك ئەتمەيمەن-دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ روھى ھالەتلىرىنى تولۇق بىلەتتى. يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن رازى بولغان ياكى ئاچچىقى كېلىپ ، غەزەپلەنگەن ھالەتلىرىنى تولۇق چۈشىنەتتى. بۇ ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

4-ئەر- ئايال ھەر ئىككى تەرەپ جىنسىي تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك .

مانا بۇ ھەربىر ئەر كىشى ئايالى ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلىدۇر.

توي قىلىش ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ بىر سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ. ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلمىگەندە ئائىلىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزىدىغان نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئىسلام ناھايىتى يىراقنى كۆرىدىغان بولۇپ، ئىسلام بۇ مەسىلىدە ئەر كىشىدىن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندا ئايالىنىڭ ئۆزىدىن تولۇق نېسىۋىسىنى ئېلىپ بولغىچە ئايالىدىن يىراقلىشىپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئائىلىدىكى ئۆز-ئارا چۈشىنىش مەسىلىلىرىنى ھەق قىلىش يولىدا زۆرۈر بولغان ئەمەلى ئەڭ مۇھىم قەدەم باسقۇچلار پەقەت مۇشۇ تۆت نۇقتا بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى، بۇ يەردە پەقەت ئەر-ئاياللار بىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە ئىشلارمۇ بار. بۇ ئارقىلىق ئەر ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي بەخت - سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دوستلۇق ۋە مېھرى - مۇھەببەت رىشتىسىنى باغلىيالايدۇ. شۇڭا، ھەربىر تەرەپ، يەنە بىر تەرەپنى پاراكەندە قىلىشتىن ساقلىنىشى، ھەمراھى ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىشى كېرەك ... شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئەر-ئايال ئائىلىدىكى ئۆز-ئارا چۈشىنىش مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

# مۇسۇلمان قىزلارغا ۋەسىيەت

## ئى قىزلىرىم!!

ئىنسان ۋاقىتلىق ئايرىلىش مىنۇتلىرىدا مەڭگۈلۈك ئايرىلىش مىنۇتلىرىنى ئەسلەيدۇ. ئۇ ئاخىرقى سەپەرنى ئەسلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كاللىسىغا نۇرغۇنلىغان سوئاللار كېلىدۇ ...

ئەگەر ھازىرلا دۇنيادىن كەتكەن بولسام، نېمە دېگەن ياخشى بولار ئىدى-ھە؟؟!!

مەن ئەۋلادلىرىمنى قالدۇرۇپ ئاخىرەتكە كېتىپ قالسام، ئۇلار قانداق بولۇپ كېتەر-ھە؟!

مەن ئۆزۈمدىن بۇ سۇئاللارنى سورىغىنىمدا، كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار ئاقتى. مەن تېخى ئۈچ ياشقىمۇ كىرمىگەن قىزىم «ھدايە» ۋە تېخى بىر ياشقىمۇ كىرگەن قىزىم «تەسنىيم» نى ئەسلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ يول بەلگىسى ۋە ھاياتىنىڭ قائىدە-پىرىنسىپلىرى سۈپىتىدە قوللىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا بۇ ۋەسىيەتنامىنى يېزىپ قالدۇرۇشنى نىيەت قىلىپ، «ئى قىزلىرىم!!» ناملىق بۇ ۋەسىيەتنامىنى يېزىپ قالدۇردۇم.

ھەر قانداق ۋاقىتتا، دۇنياغا بېرىلىپ كەتمە! ئەڭ خاتىرجەم، ئەبەدىي باقىي ئالەم ئۈچۈن ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىگە ھەرگىز ئالدانما! چۈنكى، بۇ ئالەم يېگانە ئاللاھنىڭدۇر. قاچانكى، ئىنسان يېگانە اللە بىلەن بىرگە بولسا، ھەرقانداق خەتەر بالايى-ئاپەتلەر.... قاتارلىق ھەرقانداق تەشۋىشلەردىن ئەمىن بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئىنسانغا اللە تايانچى، يار-يۆلەكتە بولىدۇ.

ئى قىزلىرىم!!

ئەگەر مەن سېنى ۋە تېخى بىر ياشقىمۇ توشمىغان ھەمشىرەڭنى مانا مۇشۇنداق ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلاردا تاشلاپ كېتىپ قالسام، بۇلار قانداق بولۇپ كېتەر دېگەنلەرنى ئويلىغىنىمدا، مەن سىلەرگە ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قىزلىرىغا يول بەلگىسى ۋە ھاياتنىڭ قائىدە-پىرىنسىپلىرى سۈپىتىدە قوللىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا بۇ ۋەسىيەتنامىنى يېزىپ قالدۇرۇشنى لايىق كۆردۈم.

ئى قىزلىرىم!!

قۇرئان كەرىمدە شۇنداق بىر سۆز باركى، ئەگەر ئىنسان بۇ سۆزنى بىلسە ئىدى، پۈتكۈل شەيئىلەرنى بىلگەن بولاتتى. ئەگەر ئىنسان بۇ سۆزنى چۈشەنگەن بولسا ئىدى، پۈتكۈل شەيئىلەرنى چۈشەنگەن بولاتتى. ئەگەر ئىنسان بۇ سۆزگە چىڭ ئېسىلغان بولسا ئىدى،

پۈتكۈل شەيئىلەرنى يوقۇتۇپ قويمىغان بولاتتى. ئەگەر ئىنسان بۇ سۆزنى يوقۇتۇپ قويسا، پۈتكۈل شەيئىلەرنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. بىلىپ قىلىڭلاركى، بۇ سۆز «ئاللاھ» دېگەن سۆزدۇر. ئادەم بالىلىرىنىڭ غايىللىقى شۇكى، ئادەم بالىلىرى بارلىق شەيئىلەر ھەققىدە ئىزدىنىدۇ؛ ئويلىنىدۇ. بىراق، «ئاللاھ» دېگەن بۇ سۆز ھەققىدە ئويلانمايدۇ. ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىدۇ ۋە ئۆزىدىن پەخىرلىنىدۇ. بىراق، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى مەخلۇقى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ جىسمى زېمىندا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. بىراق، روھى ئاللاھقا تۇتاشمايدۇ.

ئى قىزلىرىم!!

قۇرئان بولسا ئاللاھنىڭ داستىخىنىدۇر. ئاللاھنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرغان كىشى قانداقمۇ ئاچ قالسۇن!!

قۇرئان ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىدۇر. ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىلغان كىشى قانداقمۇ ئۈزۈلسۇن!!

ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى توغرا يولدۇر. ئاللاھنىڭ داستىخىنى غىزادۇر. مۇسۇلمان سەپىرىدە پەقەت توغرا يولدا نىشانىغا يەتكۈزىدىغان غىزاغا موھتاج بولىدۇ. شۇڭا، سەن ئاللاھنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرغىن. ئاللاھنىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلغىن. قۇرئان ساڭا ياخشى ھەمراھ، ياخشى ياردەمچى بولىدۇ.

ئى قىزلىرىم!!

اللەنى تونۇشنىڭ تۈنجى قەدىمى اللەغا ئىتائەت قىلىش ۋە باش ئىگىشتۇر. كىمكى، اللەغا باش ئەگمەيدىكەن، اللەنى تونۇمايدۇ. كىمكى، اللەنى تونۇمايدىكەن، اللەنىڭ داستىخىنىدىن بىر نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ . كىمكى، اللەنىڭ داستىخىنىدىن بىر نەرسىگە ئىرىشەلمەيدىكەن، « اللەغا بويسۇنۇش ۋە باش ئېگىش ئارقىلىق اللە بىلەن بىرگە بولۇڭلار!» دېگەن سۆيەت بىلەن سۆيەتلىنەلمەيدۇ. شۇڭا، سەن اللەنى ھەقىقىي تونۇغىن! اللەنىڭ ھەدىيەسىدىن ئوچۇملاپ ئالغىن! مانا بۇ قۇرئان ساڭا نۇر بولىدۇ. ساڭا، خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. سەن اللە ئىرادە قىلغاندەك اللەغا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلىدىغان ئىلاھىي قۇل بولغىن...!

ئۇرۇق-تۇققانلار بىلەن بولغان ئالاقىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى يولى بولسا، ئۇلارغا سەمىمىي ، مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتۇر. شۇڭا، سەن ئۇرۇق-تۇققانلارغا سەمىمىي بولغىن. ئۇلار بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتكىن! ئەگەر سەن مۇشۇنداق قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ خاتالىقلىرىڭنى ياپىدۇ. سەۋەنلىكلىرىڭنى تۈزەيدۇ.

ئېرى بىلەن خۇشال ئۆتۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بولسا، مېھرى -مۇھەببەت ۋە گۈزەللىكتۇر. چۈنكى، ياخشى كۆرۈش بىلەن ئائىلە گۈزەللەشسە، گۈزەللىك بىلەن ھايات گۈزەللىشىدۇ.

سەن ئېرىڭ بىلەن پۈتۈنلەي ياخشى ئالاقىدە بولغىن! ئۇنىڭ سەۋەنلىكلىرىگە قاتتىق سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن! ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن بولغىن! ئەگەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قالساڭ، ئۇنىڭدىن چىرايلىقچە ئەپۇ سورىغىن!

دوستلار بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئەڭ ياخشى يولى بولسا، ئۇلاردىن مېھرى -مۇھەببەتنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلماسلىقتۇر. ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، كىشىلەرنىڭ بايلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىسەن، كىشىلەر بايلىقلىرىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قىلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

ھاياتتا نەتىجە قازىنىشنىڭ تۈنجى يولى بولسا، ئېنىق نىشان، ئېنىق يول، ھارماي-تالماي تىرىشىش روھى بولۇشى كېرەك .

ئى قىزلىرىم!!

ھايات دېگەن بىر تەجرىبە مەيدانىدىن ئىبارەت. تەجرىبە دېگەن پەقەتلا سىناق قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئەگەر ساڭا دۇنيادا ئىمتىھان سىناقلار كۆپ كېلىپ قالسا، شۇنى بىلگىنكى، بۇ يۇقىرى دەرىجىگە ئۆرلىتىدىغان شوتىدىن ئىبارەت. شۇڭا، سەن بۇ سىناقلاردىن داتلانما! سەن بۇ سىناقلارنى خوش-

تەبەسسۇم بىلەن، اللەنىڭ دەرگاھىدىكى نەتىجىلەرنى ئارزۇ قىلغان ھالەتتە قوبۇل قىلغىن.

ئى قىزلىرىم!! شۇنى بىلىپ قىلىڭلاركى، قىزلارنىڭ قەلبى تىز يانىدىغان قىزىل گۈڭگۈرتكە بەك ئوخشايدۇ ... شۇڭا، سەن ئۇنى تەرك ئەتمە ! سەن ئۇنى لايىق بولمىغان كىشىلەرگە بەرمىگىن! ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، ئۇ كۆيۈپ، ئارقىسىدا قارا ئىس-تۈتەكنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ھاياتىڭنى ۋە تۇرمۇشۇڭنى قاپقارا قىلىپ قويىدۇ.

ئى قىزلىرىم!! شۇنى بىلىپ قىلىڭلاركى، دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەريەم، ئاسىيە، خەدىچە، فاتىمە، ئائىشەدۇر. سەن مانا بۇ ئاياللارنىڭ تارىخىدىن بىر ھالقا پۈتۈپ قۇلىقىڭغا سىلىۋالغىنىكى، ئەگەر شامال چىقىپ، بۇ ھالقىنى تەۋرىتىپ قويسا، دەرھال ئۇلارنىڭ تارىخىغا: ئۇلارنىڭ سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى، ئۇلارنىڭ رەببىگە بولغان ئىمانىغا قۇلاق سالغىن... !!

ئى قىزلىرىم!! شۇنى بىلىپ قىلىڭلاركى، مەن ناھايىتى تىزلا بۇ دۇنيادىن ئايرىلىمەن.. سىلەر بولسا، بۇ دۇنيادا مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىسىلەر. مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمنى زىيادە قىلىسىلەر. قىيامەت كۈنى ياخشى ئەمەللىرىمنىڭ تارازىسى يەڭگىل كېلىپ قالسا، مىزانىمنى ئېغىر قىلىسىلەر! جەھەننەمدىن ساقلايدىغان قالقان بولىسىلەر! سىلەر مەن ئۈچۈن

دۇئا قىلىڭلار! ماڭا دۇئا قىلىشقا سەل قارىماڭلار! سىلەر مېنىڭ سىلەرنى قۇرئان-سۈننەت ئۈستىدە تەربىيىلىگەنلىكىمنى ئەسلەڭلار... !

**والدك**

**عبد اللطيف البريجاوي**

**مدينة مصر . القاهرة**

# دەرد-ئەلەملەر ۋە ئازاب – ئوقۇبەتلەر

الحمد لله والصلاة على رسول الله وبعد:

37يىلدىن كېيىن ئۇ ئېرىدىن تالىقىنى تەلەپ قىلدى..!!

بۇ ئايالنىڭ توققۇز بالىسى بار ئىدى....!!

بەش ئوغۇل؛ تۆت قىز...!!!

ئۇنىڭ تۆت كۈيئوغلى بار ئىدى. ئوغۇللىرىنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى...!!

بۇ ئايالنىڭ ئون نەۋرىسى بار ئىدى...!!!

بۇ ئايالنىڭ ئېرىدىن تالىقىنى تەلەپ قىلىشىدىكى (ئاجرىشىپ كېتىشتىكى)سەۋەبى بولسا، ئېرى بىلەن ئۆز-ئارا بىر-بىرى بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلالمىدى...!!! يەنى، كېلىشەلمىدى.

مەن ئۇ ئايالغا –چاقچاق شەكلىدە- قانچە يىل ئۆمرىڭىز قالغاندۇ-دېدىم...؟!!!

نېمىشقا يەنە ئون بەش يىل كۈتمەيسىز؟! ئېھتىمال ، اللە ئىككىڭلاردىن بىرىڭنىڭ ۋاپاتى بىلەن بۇ ھالىتىڭلارنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ ئايال غەلىتە جاۋاب بەردى: مەن بۇنى مۇمكىن دەپ قارىمايمەن، مەن بۇ ئەر بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلالمايمەن...!!!

مەن دېدىمكى، سبحان الله!!! مانا بۇ جەمئىيەتتىكى ھەرخىل مۇشكىلاتلارنىڭ بىرىدۇر. مەن بۇ تېمىدا تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدىم. كاللامغا نۇرغۇنلىغان سوئاللار كېلىشكە باشلىدى:

ئەر-ئايالنىڭ بىر يەنە بىرىگە يول قويسا بولمامدىغاندۇ؟؟!!

بۇ ئەر ئايال ھاياتىدا بىرلىككە كېلەلەيدىغان ئورتاق بىر نۇقتىنى تاپالمىغانمىدۇ؟؟!!

بۇ ئەر ئايالدىن ھەر-بىرى ھاياتىدا جۈپتىنى پاراكەندە قىلماي ئۆتەلمەمدىغاندۇ؟؟!!

ئوغۇل بالىلار، قىزلار ، كۈيئوغۇللار ئۇلارغا بۇ ئىشلار ھەققىدە نەسىھەت قىلمىغانمىدۇ...؟...؟...؟....؟؟؟!!

..؟...؟...؟ بۇ سوئاللار كاللامنى چىرمىۋالدى....؟....؟

بۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ سۈرىتى ئاستا-ئاستا كاللامدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى قاپلاشقا باشلىدى. مەن پۈتكۈل مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەممە تەرەپتە مانا بۇ ۋەيران بولغان بۇ ئائىلىگە ئوخشاپ قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بىز بۈگۈن ئۆزئارا بىر-بىرىمىز بىلەن تىللاشماقتامىز.. ئۆزئارا بىر-بىرىمىز بىلەن تۆھمەت قىلىشماقتامىز.. ئۆزئارا بىر-بىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشمەكتەمىز... ئۆزئارا بىر-بىرىمىزنى ئۆچ كۆرمەكتەمىز... ئۆزىمىزدىن پەخىرلەنمەكتەمىز...

ھەر بىرىمىز باشقىلارغا تۆھمەت چاپلاپ، قارىلىماقتىمىز.

مانا بۇ بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى... بۇ جەمئىيەتتە ھېچكىم باشقىلارنى سىغدۇرالمايۋاتىدۇ. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ. ئىسلام ھەر بىر كىشىنىڭ يېنىدىن چىقىۋاتىدۇ. ئېھتىمال ، ئىسلام بۇلارنىڭ يېنىدىلا ئاخىرلىشىشى مۇمكىن .

بىراق، ئىسلام باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا يوليورۇق بېرەتتى. بۇنى بىز بۇ ھەدىستىن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز: في حديث

رسول الله صلّى الله عليه وسلّم: **"إنَّ مَثلي وَمَثلُ الأنبياءِ مِنْ قَبلي كَمَثَلِ رَجلٍ بَنى بيتاً فأحسنَهُ وأَجملهُ إلاَّ موضعَ لَبِنة من زاويةٍ فَجَعلَ الناسُ يَطُوفونَ به ويَعْجبونَ له وَيَقولونَ هلاَّ وُضعتْ هذه اللَّبنةُ قالَ: فأنا اللَّبنةُ وأنا خَاتَمُ النَّبيين"**[134].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «مەن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن شۇنداق بىر كىشىگە ئوخشايمەنكى، بىر ئۆي بىنا قىلىپ، بۇ ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىنى ياخشى، گۈزەل شەكىلدە پۈتتۈرۈپ، پەقەتلا بىر بۇلۇڭىدا بىر خىشلىق ئورۇن قالغان، كىشىلەر بۇ ئۆيىنى ئايلىنىپ كېلىپ ، بۇ ئۆيدىن ئەجەبلەنگەن ھەمدە نېمىشقا بۇ بىر قىشلىق ئورۇننى قويۇپ قويدۇڭلار دەپ سورىغان بىر ئۆيگە ئوخشايمەن.. مەن ئاشۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر تال خىشتۇرمەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىمەن.»

قاراپ بېقىڭ ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بىنانىڭ بىر تال خىش بىلەن مۇكەممەل پۈتىدىغانلىقىنى قانداق ئېتىراپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ بىنانى ھەقىر ھېسابلىمىدى، بەلكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بىنانى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ بىنانى تاماملايدىغان ئاخىرقى بىر تال خىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ...!

---

(134) . البخاري

ھەربىر مۇسۇلمان مۇشۇ ھالقىلاردىن بىر ھالقا بولۇپ، چوقۇم ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھالقىلارنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى ھالقىلارغا چىڭ ئېسىلىشى كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن بىر پۈتۈن، مۇكەممەل ھالقا شەكىللىنىدۇ.

مانا بۇ ھەدىس بىزگە گەرچە مۇكەممەل بولمىغان، نەتىجە قازىنالمىغان تەقدىردىمۇ، ھەق يولدىلا بولىدىكەن، باشقىلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئالدىدا قانداق كەمتەر بولۇش كېرەكلىكىنى ئۆگۈتىۋاتىدۇ. بىز بۇ كەمتەرلىككە، كىچىك پېئىل بولۇشقا، ئۆزىمىزنى ھەممىدىن چوڭ تۇتماسلىققا، باشقىلارنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرمەسلىككە نېمىدېگەن موھتاجمىز -ھە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر كارۋانلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىنى، گەرچە ئۇلار مۇكەممەل بولمىسىمۇ، يۇقىرى دەرىجىلەرگە يېتەلمىسىمۇ ، ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىۋاتىدۇ.

بىز بۇگۈن ھەق يولدىلا بولىدىكەن، مەقسىتى اللە رازىلىقى ئۈچۈنلا بولىدىكەن، باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، باشقىلار ئالدىدا كەمتەر بولىدىغان... ئېرى ئايالىنى ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ... بىر زېمىنغا نېمىدېگەن قاتتىق ئېھتىياجلىقمىز-ھە!!!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى مۇشۇنداق تەربىيەلەيتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ ئۈممەتنىڭ يولباشچىلىرىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇلار دۇنيانى كېزىپ، ئىلىم-مەرىپەت تارقاتقان ئىدى.

ئى رەببىمىز! بىزگە ئەقىل پاراسەت ئاتا قىلغىن! قۇرئان-ھەدىسكە ھەقىقىي ئەگىشىشنى ئىنئام قىلغىن! پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرغىن! يەھۇدىي-ناسارالارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، پاك سۈننەت ھەدىسلەردىن شەكلەندۈرۈشكە ئۇرۇنىۋاتقان، ھەدىسلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا يەھۇدىي ناسارالار ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تۈزۈپ بەرگەن فورمىلا ئارقىلىق ئۇنى يالغانغا چىقىرىپ، ئەمەل قىلماسلىققا دەۋەت قىلىۋاتقانلارغا ئۆزۈڭ كۇپايە قىلغىن! ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن! ئىسلامغا ياردەم بەرگەنلەرگە ياردەم بەرگىن! ئىسلامغا قارشى تۇرغانلارغا ئۆزۈڭ كۇپايە قىلغىن...!!!

**"إنَّ مَثلي وَمَثلُ الأنبياءِ مِنْ قَبلي كَمَثَلِ رَجلٍ بَنى بيتاً فأحسنَهُ وأَجملهُ إلاَّ موضعَ لَبِنة من زاويةٍ فَجَعلَ الناسُ يَطُوفونَ به**

**ويَعْجبونَ له وَيَقولونَ هلاَّ وُضعتْ هذه اللَّبنةُ قالَ: فأنا اللَّبنةُ وأنا خَاتَمُ النَّبيين**"(135).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «مەن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن شۇنداق بىر كىشىگە ئوخشايمەنكى، بىر ئۆي بىنا قىلىپ، بۇ ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ياخشى، گۈزەل شەكىلدە پۈتتۈرۈپ، پەقەتلا بىر بۇلۇڭىدا بىر خىشلىق ئورۇن قالغان، كىشىلەر بۇ ئۆينى ئايلىنىپ كېلىپ ، بۇ ئۆيدىن ئەجەبلەنگەن ھەمدە نېمىشقا بۇ بىر قىشلىق ئورۇننى قويۇپ قويدۇڭلار دەپ سورىغان بىر ئۆيگە ئوخشايمەن.. مەن ئاشۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر تال خىشتۇرمەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى.»

وفي كل أول وآخر الحمد لله رب العالمين

---

(135) . البخاري